# ئىزدىنىش

(تاللانما)

11

1997

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1997-يىل 11-سان

(ئومۇمىي 113-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)


**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1997-يىللىق 18-سانىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە


**دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرگە ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتايلى**

——جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 15-قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلات (1997-يىل 9-ئاينىڭ 12-كۈنى) ............ **جياڭ زېمىن** (2)

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى** ............ (54)


**★11-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

---


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498

تىزغۇچى: جۇڭگو مىللەتلەر تەرجىمە مەركىزى

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋاكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»خەت ساندۇقى)

# دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتايلى

## —جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 15-قۇرۇلتىيىدا بېرىلگەن دوكلات

(1997-يىل 9-ئاينىڭ 12-كۈنى)

جياڭ زېمىن

يولداشلار:

هازىر، مەن قۇرۇلتايغا 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن دوكلات بېرىمەن.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 15-قۇرۇلتىيى—ئىنتايىن مۇھىم بىر قۇرۇلتاي، ئەسىر ئالمىشىش ۋاقتىدا، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ئۆتكەن ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سالىدىغان، پۈتۈن پارتىيىنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قەتئىي ئېغىشماي 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى توغرا لۇشيەننى بويلاپ غەلىبىلىك ئالغا ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان قۇرۇلتاي.

قۇرۇلتاينىڭ تېمىسى: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش.

بايراق مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم. بايراق يۆنىلىش دېمەكتۇر، بايراق ئوبراز دېمەكتۇر. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇشتىن تەۋرەنمىگەنلىكىنىڭ ئۆزى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتىن تەۋرەنمىگەنلىك بولىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ

ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن پارتىيە بۇ مەسىلىدە ئالاھىدە يۈكسەك ئاڭلىقلىقا ۋە قەتئىيلىككە ئىگە بولۇشى كېرەك.

ئىشلىرىمىزنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، پايدىلىق پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماي چىڭ تۇتۇش، كونا ئەندىزىگە ئېسىلىۋالماي يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركەزنى دەۋرىي قىلىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا يېڭى نەتىجە يارىتىش، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، ھەرقايسى تەرەپلەرنى بىر-بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

مۇشۇنداق تېمىنى بەلگىلەش--دەۋرنىڭ تەلپى، خەلقنىڭ ئارزۇسى.

## 1. ئەسىر ئالمىشىش مەزگىلىدە ئۆتكەننى ئەسلەش ۋە كەلگۈسىگە نەزەر سېلىش

20-ئەسىر ئۆتۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ۋاقىتتا، پارتىيىمىزنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى ئۆتكۈزۈلۈش بىلەن، كۆپچىلىك پارتىيىمىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەقدىرى ئالدىدا يۈكسەك تارىخىي مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان، دېگەن ئورتاق تونۇشقا كېلىدۇ.

1900-يىلى سەككىز دۆلەتنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى بېيجىڭنى ئىشغال قىلغان، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئىنتايىن قاتتىق ھاقارەتلەنگەن، دۆلەت ھالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغان. 2000-يىلى جۇڭگو سوتسىيالىزم ئاساسىدا، ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويىدۇ، گۈللىنىش، روناق تېپىش يولىدا چوڭ قەدەم تاشلايدۇ. بۇ--جۇڭگودا يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان ئۆزگىرىش بولغان 100 يىل.

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق دۆلەت بولۇپ قالدى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئالدىغا ئىككى چوڭ تارىخىي ۋەزىپە قويۇلدى: ئۇنىڭ بىرى، مىللىي مۇستەقىللىقنى ۋە خەلقنىڭ ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش؛ يەنە بىرى، دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى -قۇدرەت تېپىشى ۋە خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. ئالدىنقى ۋەزىپە كېيىنكى ۋەزىپە ئۈچۈن توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، زۆرۈر شارائىت يارىتىپ بەردى.

بىر ئەسىردىن بۇيان، جۇڭگو خەلقى ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا ئۈچ قېتىم تارىخىي خاراكتېرلىك غايەت زور ئۆزگىرىشنى باشتىن كەچۈردى، دەۋرنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئۈچ ئۇلۇغ زات: سۇن جۇڭشەن، ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ بارلىققا كەلدى.

بىرىنچى قېتىملىق ئۆزگىرىش شىنخەي ئىنقىلابى بولۇپ، بۇ ئىنقىلاب جۇڭگودا نەچچە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن خانلىق ئىستىبدات تۈزۈمىنى ئاغدۇردى. بۇ ئىنقىلابقا سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىك قىلدى.

ئۇ «جۇڭخۇا ئېلىنى گۈللەندۈرۈش» شوئارىنى ھەممىدىن بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇپ، تولۇق مەنىدىكى يېقىنقى زامان مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابىنى باشلاپ بەردى. شىنخەي ئىنقىلابى كونا جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىنى ۋە خەلقنىڭ پاجىئەلىك ئەھۋالىنى ئۆزگەرتەلمىدى، ئەمما جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن توغان دەرۋازىسىنى ئېچىپ بېرىپ، ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىق تەرتىپىنى ئىككىنچى مۇقىملىشالمايدىغان ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

ئىككىنچى قېتىملىق ئۆزگىرىش جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشىدىن ئىبارەت بولدى. بۇ ئۆزگىرىش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ماۋ زېدۇڭ يادرولۇقىدىكى 1-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئورۇندالدى. شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئۇرۇشى، يەر ئىنقىلابى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋە ئازادلىق ئۇرۇش ئارقىلىق، جاھانگىرلىك، فېئودالىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تاغ ئاغدۇرۇلدى، جۇڭگو خەلقى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئورنىدىن دەس تۇردى ھەمدە يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابتىن سوتسىيالىزم يولىغا ئۆتۈپ، سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ غايەت زور نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ — جۇڭگودا خەلق ئىنقىلابىنىڭ ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان زور غەلىبىسى، شۇنداقلا سوتسىيالىزمنىڭ ۋە مىللىي ئازادلىقنىڭ دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە زور غەلىبىسى.

ئۈچىنچى قېتىملىق ئۆزگىرىش ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ-ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت بولدى. بۇ — دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى 2-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ رەھبەرلىكىدە باشلانغان يېڭى ئىنقىلاب. پارتىيىمىز جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئاساسىدا، تارىخىي تەجرىبە ۋە ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاچتى. سوتسىيالىزمنىڭ جۇڭگودا نامايان بولغان جۇشقۇنلۇقى ۋە ھاياتىي كۈچى پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتتى.

100 يىللىق غايەت زور ئۆزگىرىشتىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىلا جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنىڭ، خەلق ئازادلىقىنىڭ ۋە سوتسىيالىزمنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلالايدۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى ئېچىپ، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشى ۋە خەلقنىڭ بەختلىك ياشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ.

يېڭى ئەسىر يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان ۋاقىتتا، بىز جىددىي سىناققا يۈزلىنەمەكتىمىز، مىسلى كۆرۈلمىگەن پايدىلىق شارائىتقا ۋە تازا ياخشى پايدىلىق پۇرسەتكە تېخىمۇ يۈزلىنەمەكتىمىز. شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈش شەرتكى، خەلقئارا رىقابەت كۈندىن-كۈنگە كۈچىيىپ بېرىۋاتىدۇ، ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا جەھەتتە تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان پەرق بىزگە ناھايىتى زور بېسىم بولۇۋاتىدۇ، ئۆزىمىزدىمۇ بىرمۇنچە قىيىنچىلىقلار تۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، شۇنىمۇ تولۇق كۆرۈش شەرتكى، بىرىنچىدىن،

تىنچلىق ۋە تەرەققىيات هازىرقى دەۋرنىڭ تېمىسى بولۇپ قالدى، دۇنيانىڭ قۇرۇلمىسى كۆپ قۇتۇپلىششقا قاراپ يۈزلەندى، بىرقەدەر ئۇزاق مۇددەتلىك خەلقئارا تىنچ مۇھىتنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئىمكانىيەت يار بېرىدىغان بولۇپ قالدى. دۇنيا مىقياسىدا پەن-تېخنىكا ئىنقىلابى ئۇچقاندەك تېز ئىلگىرىلەۋاتىدۇ، ئىقتىساد داۋاملىق يۈكسىلىۋاتىدۇ. بۇ هال بىز ئۈچۈن پايدىلىق تاشقى شارائىت هازىرلاپ بەردى. ئىككىنچىدىن، جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئازكەم 20 يىلدىن بۇيان، ئېلىمىزدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى شەكىللەندى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ياخشى تۈزۈلمە شارائىتىنى يارىتىپ بەردى، بازار ئېھتىياجىنىڭ كەڭ يولىنى ۋە كەڭ مەبلەغ مەنبەسىنى ئېچىپ بەردى، يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ يىغى، ئىجادىي هاياتىي كۈچى تېخىمۇ جارى قىلىندى. ئۈچىنچىدىن، تېخىمۇ مۇھىمى، پارتىيىمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ توغرىلىقى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىنى تىكلىدى. بۇلار بۈگۈن هازىرلانغان، ئىلگىرى هازىرلانمىغان ياكى تولۇق هازىرلانمىغان شەرتلەر ئىدى.

پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش-تۇتالماسلىق ئەزەلدىنلا ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ گۈللىنىشى-خاراب بولۇشى، ۋۇجۇدقا چىقىشى-مەغلۇپ بولۇشىغا بېرىپ تاقىلىدىغان زور مەسىلە بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى بىز مۇھىم تارىخىي پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتتۇق، بەزى پايدىلىق پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپمۇ قويدۇق. هازىر پۈتۈن پارتىيە چوقۇم يۈكسەك دەرىجىدە ئاگاھ بولۇپ، ئەسىر ئالمىشىش مەزگىلىدىكى تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يېڭى قەدەم تاشلىشى لازىم.

كېيىنكى ئەسىرگە نەزەر سالساق، نىشانىمىز ئايان بولىدۇ، بۇ نىشان—بىرىنچى ئون يىلدا مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى 2000-يىلدىكىدىن بىر ھەسسە ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ ھاللىق تۇرمۇشىنى تېخىمۇ باياشاتلاشتۇرۇش، بىرقەدەر مۇكەممەللەشكەن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش؛ يەنە ئون يىل تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن، پارتىيە قۇرۇلغىنىغا 100 يىل بولغاندا، خەلق ئىگىلىكى تېخىمۇ راۋاجلىنىدىغان، تۈرلۈك تۈزۈملەر تېخىمۇ مۇكەممەللىشىدىغان ئىمكانىيەتنى يارىتىش؛ 21-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغىنىغا 100 يىل بولغاندا، زامانىۋىلىشىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىش. خۇددى دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك: «هازىر ئىچكى شارائىتىمىز تولۇق هازىرلاندى، خەلقئارا مۇھىت بىزگە پايدىلىق بولۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ كۈچنى توپلاپ چوڭ ئىشلارنى قىلىشقا ئىمكان بېرىدىغان ئارتۇقچىلىقى جارى قىلدۇرۇلىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇزاق جەريانىدا، تەرەققىيات سۈرئىتى بىرقەدەر تېز، ئۈنۈم بىرقەدەر ياخشى بولغان بىرقانچە باسقۇچنىڭ بولۇشى زۆرۈر، بۇنداق باسقۇچنى بارلىققا كەلتۈرۈشمۇ مۇمكىن. بىزدە مۇشۇنداق ئۇلۇغۋار ئىرادە بولۇشى كېرەك!»

## 2. ئۆتكەن بەش يىللىق خىزمەت

1992-يىلى دېڭ شياۋپىڭ جەنۇبتا سۆز قىلغاندىن بۇيانقى ۋە پارتىيە 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى بەش يىل—ئالاھىدە بەش يىل. بۇ بەش يىل—پارتىيىمىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، 80-يىللارنىڭ ئاخىرى، 90-يىللارنىڭ بېشىدا يۈز بەرگەن خەلقئارا ۋە ئىچكى سىياسىي ۋەقەلەرنىڭ قاتتىق سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ داۋاملىق تۇردە چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىگەن بەش يىل؛ ئىدىيىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئازاد بولۇش، يول ئېچىپ ئالغا ئىنتىلىش ئارقىسىدا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى قۇرۇلۇش ئىشلىرى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويغان بەش يىل؛ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنىدىغان چوڭقۇر ئۆزگىرىش جەريانىدا، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىنغان، ھەرقايسى ساھەلەردە غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلگەن بەش يىل؛ شۇنداقلا دۇنيا قۇرۇلمىسىنىڭ تېز ئۆزگىرىشى جەريانىدا، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا ئورنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن بەش يىل.

پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئۈچ ھەل قىلغۇچ تەدبىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى: بىرىنچى، پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىش؛ ئىككىنچى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش نىشان قىلىنىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش؛ ئۈچىنچى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ پۈتۈن پارتىيىدىكى يېتەكچى ئورنىنى تىكلەش. مەركىزىي كومىتېت 14-قۇرۇلتاينىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بەتتە قېتىم ئومۇمىي يىغىن چاقىرىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈش ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشانىنى بەلگىلەش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئوخشاش ئومۇمىيەتكە بېرىپ تاقىلىدىغان بىرقاتار چوڭ ئىشلارنى ئايرىم-ئايرىم پىلانلاپ چىقتى ۋە ئورۇنلاشتۇردى. بەش يىلدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، 14-قۇرۇلتاي بەلگىلىگەن مۇھىم تەدبىرلەرنى ئەستايىدىل يولغا قويۇش، «پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتنى ئالغا سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش» تىن ئىبارەت ئاساسىي فاڭجېننى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەمدە پۇختا ئىگىلەش، ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ گەۋدىلىك بىر ئالاھىدىلىكى بولدى.

ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى، ئومۇمىي دۆلەت كۈچى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى يەنە يېڭى بىر پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

بەش يىلدىن بۇيان، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەر قولغا كەلدى. 1992-يىلدىن 1996-يىلغىچە ئىچكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتى ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 12.1% تىن كۆپىيىپ باردى؛ ھەم ئىقتىسادنىڭ تېز يۇكسىلىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، ھەم پۇل پاخاللىقى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى، چوڭ داۋالغۇش بولۇشىنىڭ ئالدى ئېلىندى. ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ تەڭشىلىشى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئالغا سۈرۈلدى. يېزا ئىگىلىكى كۈچەيتىلدى، ئاشلىق قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى مۇقىم ئاشتى. سۇچىلىق، قاتناش، ئالاقە قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسە ۋە پولات-تۆمۈر، ئېنېرگىيە قاتارلىق ئاساسىي سانائەت تېز تەرەققىي قىلدى. شەرقىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادى تېز يۇكسەلدى، ئوتتۇرا-غەربىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى تېزلەشتى. 8-بەش يىللىق پىلان غەلىبىلىك ئورۇندالدى، 9-بەش يىللىق پىلاننىڭ يولغا قويۇلۇشى ئوبدان باشلاندى.

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتە يېڭى نەتىجە قولغا كەلدى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش تەلپىي بويىچە، مالىيە، باج، پۇل مۇئامىلىسى، تاشقى سودا، تاشقى پېرېۋوت، پىلان، مەبلەغ، باھا، ئوبوروت، تۇرالغۇ ئۆي ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى قاتارلىق تۈزۈلمە ئىسلاھاتى چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىلدى، بازارنىڭ بايلىق تەقسىملەشتىكى ئۇللۇق رولى روشەن دەرىجىدە كۈچەيتىلدى، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش سىستېمىسىنىڭ رامكىسى دەسلەپكى قەدەمدە بارلىققا كەلدى. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى نۇقتىدا سىناق قىلىش ئاساسىدا پائال ئالغا سۈرۈلدى. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇلىدىغان قۇرۇلما يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كېڭەيدى. تاشقى ئىقتىسادىي، تېخنىكىۋى ھەمكارلىق ۋە ئالاقە داۋاملىق كېڭەيدى، تاشقى سودا مىقدارى ۋە پايدىلىنىلىدىغان تاشقى مەبلەغ زور دەرىجىدە كۆپەيدى؛ دۆلەتنىڭ تاشقى پېرېۋوت زاپىسى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئاشتى.

مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا يېڭى قەدەم تاشلاندى. پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ۋە پىلانلىق تۇغۇت قاتارلىق تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئىشلار خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. تەشۋىقات-جامائەت پىكرى خىزمىتى ۋە ئىدىيىۋى-ئەخلاقىي قۇرۇلۇش تېخىمۇ كۈچەيتىلدى. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا زور نەتىجىلەر قولغا كەلدى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا لايىقلاشتۇرۇلغان بىرقاتار قانۇن ۋە نىزاملار تۈزۈلدى، قانۇننى ئىجرا قىلىش خىزمىتى ۋە ئەدلىيە خىزمىتى كۈچەيتىلدى. ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سەپى راۋاجلاندى ۋە ئۇلغايدى، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى ۋە راۋاجلاندى. ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق ئاساسىدىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي ۋەزىيەت ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى مۇھىم كاپالەتكە ئىگە قىلدى.

دۆلەت مۇداپىئەسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلدى. ئارمىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقى تېخىمۇ ئاشتى. خەلق ئارمىيىسى دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش، خەۋپ ۋە ئاپەتتىن جىددىي قۇتقۇزۇش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش داۋامىدا مۇھىم خىزمەت كۆرسەتتى.

خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى. شەھەر-بازار ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە تۇرمۇش خىراجەت كىرىمى ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 7.2% تىن كۆپەيدى، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە ساپ دارامىتى ئەمەلىيەتتە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 5.7% تىن كۆپەيدى، بۇ بەش يىل ئېشىش سۈرئىتى ئەڭ تېز مەزگىللەرنىڭ بىرى بولدى. بازاردا تاۋار موللاشتى. خەلقنىڭ كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈك، تۇرالغۇ ئۆي ۋە يۈرۈش-تۇرۇش شارائىتى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلاندى. شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنىڭ پۇل ئامانىتى زور دەرىجىدە كۆپەيدى. پۈتۈن مەملىكەت يېزىلىرىدىكى نامرات ئاھالە سانى 32 مىليون ئازايدى.

بىز بەش يىلدىن بۇيان، ۋەتەننىڭ تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كېلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئۈنۈملۈك خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق. ھۆكۈمىتىمىز شياڭگاڭغا يۈرگۈزىدىغان ئىگىلىك ھوقۇقنى ئەسلىگە كەلتۈردى، شۇنىڭ بىلەن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ 100 يىللىق ئار-نومۇسى ئاقلاندى، سان-ساناقسىز ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ۋە ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھى ئارام تاپىدىغان بولدى. بۇ-ھەربىر جۇڭگولۇقنى شادلاندۇرىدىغان كاتتا ئىش، شۇنداقلا خەلقئارا جامائەتچىلىكنىڭ ئومۇميۈزلۈك ماختىشىغا سازاۋەر بولغان ئىش.

بىز مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىمىز ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزنىڭ تاشقى مۇھىتىنى تېخىمۇ ياخشىلىدۇق. دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا تەسىرى كۈندىن-كۈنگە كېڭەيمەكتە.

بىز پارتىيە قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتتۇق. پۈتۈن پارتىيىنىڭ دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشى پەيدىنپەي چوڭقۇرلاشتى. رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىدا يېڭى نەتىجىلەر قولغا كەلدى، نۇرغۇنلىغان مۇنەۋۋەر ياش كادىرلار رەھبەرلىك ئورنىغا چىقتى. پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنىڭ سالمىقى ئاشۇرۇلۇپ، باسقۇچلۇق نەتىجە قولغا كەلدى. ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى كۈچەيتىلدى، كەڭ كومپارتىيە ئەزالىرى ئاۋانگارتلىق-نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇردى. پارتىيىنىڭ ئىچكى تۇرمۇشىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش يولىدا يېڭى قەدەم تاشلاندى.

بىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا يەنە بىرمۇنچە زىددىيەت ۋە قىيىنچىلىق تۇرۇپتۇ، خىزمەتتىمۇ كەمچىلىك-يېتەرسىزلىكلەر ساقلىنىۋاتىدۇ. ئاساسلىقى: خەلق ئىگىلىكى-

نىڭ بىر پۈتۈن سوۋېتى ۋە ئۈنۈمى يۇقىرى ئەمەس، ئىقتىسادىي قۇرۇلما مۇۋاپىق بولماسلىق زىددىيىتى يەنىلا بىرقەدەر گەۋدىلىك، بولۇپمۇ بىر قىسىم دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئاجىز؛ پارتىيە ئىستىلى ، ھۆكۈمەت ئىستىلى، ئىجتىمائىي كەيپىيات ۋە جەمئىيەت ئامانلىقى جەھەتتىكى ئەھۋالدىن خەلق ئاممىسى تېخى نارازى بولۇۋاتىدۇ، خىيانەت قىلىش، چىرىكلىشىش، راھەت-پاراغەتكە بېرىلىش ۋە ئىسراپچىلىق قىلىشقا ئوخشاش ئەھۋاللار يەنىلا يامراپ ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ، بيۇروكراتلىق، شەكىلۋازلىق ۋە ساختىپەزلىك مەسىلىلىرى بىرقەدەر ئېغىر بولۇۋاتىدۇ؛ كىرىم تەقسىملەش مۇناسىۋىتى تېخى راۋانلاشقىنى يوق، رايونلارنىڭ تەرەققىياتى جەھەتتىكى پەرق يەنىلا روشەن دەرىجىدە مەۋجۇت، شەھەر-يېزىلاردىكى بىر قىسىم ئاممىنىڭ تۇرمۇشى بىرقەدەر قىيىن بولۇۋاتىدۇ؛ نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى بايلىق ۋە مۇھىتقا غايەت زور بېسىم بولۇۋاتىدۇ ۋەھاكازالار. بىز ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرگە يۈكسەك دەرىجىدە جىددىي قاراپ، شۇ مەسىلىلەرنى بەجانىدىل ھەل قىلىشىمىز كېرەك.

بەش يىللىق خىزمەتنى ئەسلىسەك، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، شۇ مەزگىل ئىسلاھاتمۇ، تەرەققىياتمۇ بىرقەدەر ياخشى بولغان بىر مەزگىل بولدى. پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپى يېڭىلار بىلەن كونىلارنىڭ ئورۇن ئالمىشىشىنى ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئاشۇرۇپ، لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنىڭ ئىزچىللىقى ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىجتىمائىي-سىياسىي مۇقىملىق ۋەزىيىتىنى ساقلاپ قالدى، ئىچكى مۇناسىۋەت ۋە تاشقى مۇناسىۋەتكە دائىر بىر قاتار زور مەسىلىلەرنى ئوبدان ھەل قىلدى، 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى ناھايىتى ياخشى ۋەزىيەتنى مۇستەھكەملىدى ۋە راۋاجلاندۇردى، بۇنىڭدىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقى خۇشال بولدى، بۇنىڭغا خەلقئارا جامائەتچىلىكمۇ ئومۇميۈزلۈك ياخشى باھا بەردى. بەش يىللىق ئەمەلىيەت پارتىيىمىزنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدا بەلگىلەنگەن تەدبىرلەرنىڭ توغرىلىقىنى، پارتىيىمىزنىڭ ئىچكى-تاشقى مۇرەككەپ شارائىتتا ۋەزىيەتنى تىزگىنلەپ تۇرۇش ئىقتىدارى بارلىقىنى ئىسپاتلىدى. بەش يىلدىن بۇيان قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەر — پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق ئىلگىرىلىشىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ پۇختا ئاساس سېلىپ بەردى، ئىنتايىن قىممەتلىك، يېڭى تەجرىبە ھاسىل قىلىپ بەردى، تېخىمۇ زور ئىشەنچ ۋە قىزغىنلىق بىلەن يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزگە چوقۇم ئىنتايىن زور ئىلھام بەرگۈسى.

### 3. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە يېتەكچىلىك ئەھمىيىتى

سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېڭى دەۋردە، ئەسىر ھالقىيدىغان يېڭى سەپەردە، چوقۇم دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز

كۆتۈرۈپ، پۈتكۈل ئىشلىرىمىزغا ۋە تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزگە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن يېتەكچىلىك قىلىشىمىز كېرەك. پارتىيىمىز تارىخ ۋە رېئاللىقتىن چىقارغان تەۋرەنمەس يەكۈن ئەنە شۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى—نەزەرىيىۋى يېتەكچىلىككە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان پارتىيە. جۇڭگو خەلقى ماركسىزم-لېنىنىزمنى تاپقاندىن كېيىن، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ قىياپىتى بىردىنلا يېڭىلاندى. ماركسىزم-لېنىنىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە ئىككى قېتىم تارىخىي سەكرەش بولدى، ئىككى چوڭ نەزەرىيىۋى مۇۋەپپەقىيەت قولغا كەلدى. بىرىنچى قېتىملىق سەكرەشتە قولغا كەلگەن نەزەرىيىۋى مۇۋەپپەقىيەت جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان توغرا نەزەرىيىۋى پرىنسىپ ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈندۇر، ئۇنىڭ ئاساسىي ئىجادچىسى ماۋ زېدۇڭ، پارتىيىمىز ئۇنى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى دەپ ئاتىدى. ئىككىنچى قېتىملىق سەكرەشتە قولغا كەلگەن نەزەرىيىۋى مۇۋەپپەقىيەت جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدۇر، ئۇنىڭ ئاساسىي ئىجادچىسى دېڭ شياۋپىڭ، پارتىيىمىز ئۇنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى دەپ ئاتىدى. بۇ ئىككى چوڭ نەزەرىيىۋى مۇۋەپپەقىيەت—پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنىڭ ۋە كوللېكتىپ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى.

پارتىيىمىز دۇنياغا كەلگەن كۈندىن تارتىپلا ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئۆزىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ تىكلىدى. زۇنيى يىغىنى ۋە يەنئەندىكى ئىستىل تۈزىتىش ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ 7-قۇرۇلتىيى ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسى بىلەن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتى بىرلەشتۈرۈلگەن ئىدىيە—ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى يەنە پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ تىكلىدى. پارتىيە قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 24 يىللىق تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا بەلگىلەنگەن تارىخىي تەدبىر ئەنە شۇ. ھازىر 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى ۋە 12-قۇرۇلتاي، 13-قۇرۇلتاي، بولۇپمۇ 14-قۇرۇلتاي ئاساسىدا، مەركىزىي كومىتېت 15-قۇرۇلتايغا پارتىيە نىزامنامىسىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ تىكلەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ قىبلىنامىسى قىلىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەش توغرىسىدا تەكلىپ بېرىدۇ. پارتىيىمىز ئازكەم 20 يىللىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى ئاساسىدا بەلگىلىگەن تارىخىي تەدبىر ئەنە شۇ. بۇ تەدبىرنىڭ بەلگىلىنىشى مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ۋە پۈتۈن پارتىيىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ باشلاپ بەرگەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى يېڭى ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىنى ئىپادىلىدى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق تونۇشى ۋە ئارزۇسىنىمۇ ئەكس ئەتتۈردى.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولغان دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى—جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىنى غەلىبىلىك ئىشقا ئاشۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان توغرا نەزەرىيە. ھازىرقى

جۇڭگودا سوتسيالىزمنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى مەسىلىسىنى باشقا نەزەرىيە بىلەن ئەمەس، ماركسىزم بىلەن ھازىرقى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىرلەشتۈرۈلگەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى — زامانىمىزدىكى جۇڭگو ماركسىزمى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى راۋاجىنىڭ يېڭى باسقۇچى.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى راۋاجىنىڭ يېڭى باسقۇچى بولۇپ قالدى، بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى:

بىرىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، يېڭى ئەمەلىيەت ئاساسىدا، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، ھەم كونا قائىدىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، ماركسىزمنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئاچتى. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش — ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ جەۋھىرى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭمۇ جەۋھىرى. 1978-يىلى دېڭ شياۋپىڭنىڭ «ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا قاراش كېرەك» دېگەن نۇتقى — «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئاياغلاشقاندىن كېيىن، جۇڭگو قايسى يولغا ماڭىدۇ، دېگەن زور تارىخىي ئۆتكەل ئالدىدا، «ئىككى ئومۇمەن»نىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى دەۋر، يېڭى يول ئېچىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا خاس يېڭى نەزەرىيە يارىتىشنىڭ خىتابنامىسى. 1992-يىلى دېڭ شياۋپىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرگەندە سۆزلىگەن سۆز — خەلقئارا ۋە ئىچكى سىياسىي ۋەقەلەرنىڭ قاتتىق سىنىقىغا دۇچ كەلگەن زور تارىخىي پەيتتە، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى نەزەرىيە ۋە لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، ئۇزاقتىن بېرى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى بوغۇپ كەلگەن بىرمۇنچە مۇھىم تونۇش مەسىلىلىرىگە چوڭقۇر جاۋاب بېرىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرىدىغان يەنە بىر خىتابنامىسى. يېڭى ئەسىرگە قەدەم تاشلىنىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، بىز ھېچقاچان دۇچ كەلمىگەن مۇشكۈل مەسىلىلەر ئالدىدا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىزدىن ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش قەتئىيلىكى ۋە ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىپ ۋە ئۆستۈرۈپ، ھەممىدە سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش-بولماسلىق، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش-بولماسلىق، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولۇش-بولماسلىقتىن ئىبارەت «ئۈچ پايدىلىق بولۇش»نى توپ ھۆكۈم ئۆلچىمى قىلىپ، ئىشلىرىمىزدا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى تەلەپ قىلىدى.

ئىككىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى بىلەن سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتىنىڭ ئاساسىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، «سوتسىيالىزم دېگەن نېمە؟ سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك؟» دېگەن توپ مەسىلىنى چىڭ تۇتۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى،

سوتسيالىزمغا بولغان تونۇشنى يېڭى، ئىلمىي سەۋىيىگە كۆتۈردى. مۇشۇ مەسىلىدە ئىدىيە ئازاد بولۇش—يېڭى دەۋردە ئىدىيىدە ئازاد بولۇشنىڭ ئاچقۇچى. ئېلىمىز سوتسيالىزمى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىلگىرى باشتىن كەچۈرگەن ئەگرى-توقايلىق ۋە سەۋەنلىكمۇ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان-ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقتىن بولغان گاڭگىراشمۇ، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، مۇشۇ مەسىلىنى تولۇق ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالمىغانلىقىمىزدىن بولدى. قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىش، ئومۇمىيۈزلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، سىنىپىي كۈرەشنى تۈتقا قىلىشتىن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشقا ئۆتۈش، بېكىنمىلىك، يېرىم بېكىنمىلىكتىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشكنى ئېچىۋېتىشكە ئۆتۈش، پىلانلىق ئىگىلىكتىن سوتسيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش ئارىلىقىدىكى ئازكەم 20 يىللىق تارىخىي بۇرۇلۇش مۇشۇ تۈپ مەسىلىنى پەيدىنپەي ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش جەريانى بولدى. بۇ جەريان كېيىنكى ئەمەلىيەتتە يەنە داۋاملىشىدۇ.

ئۈچىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى دۇنيانى ماركسىزمچە كەڭ نەزەر بىلەن كۆزىتىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ھازىرقى دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن ئومۇمىي خەلقئارا ۋەزىيەتنى، دۇنيادىكى باشقا سوتسيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتى-مەغلۇبىيىتى، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىياتقا ئېرىشىش داۋامىدىكى نەتىجە-سەۋەنلىكى، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە زىددىيەتلىرىنى توغرا تەھلىل قىلىپ، يېڭى ئىلمىي ھۆكۈم چىقاردى. دۇنيادىكى ئۆزگىرىش ناھايىتى زور، ناھايىتى تېز بولۇۋاتىدۇ، بولۇپمۇ كۇنساناپ يېڭىلىنىپ تۇرۇۋاتقان پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى ھازىرقى زاماندىكى ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي ھاياتنى ۋە دۇنيانىڭ قىياپىتىنى چوڭقۇر ئۆزگەرتىپ ھەمدە داۋاملىق ئۆزگەرتىدۇ، بۇنىڭغا ھەرقانداق دۆلەتتىكى ماركسىزمچىلار ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلماي تۇرالمايدۇ. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى مۇشۇنداق ۋەزىيەتكە ئاساسلىنىپ، پارتىيىمىزنىڭ لۇشيەنىنى ۋە خەلقئارا ئىستراتېگىيىسىنى بەلگىلىدى، بىزنىڭ ماركسىزمنى يېڭى نۇقتىئىنەزەر بىلەن تونۇشىمىز، داۋاملاشتۇرۇشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىزنى تەلەپ قىلدى، ھەقىقىي ماركسىزم دېگەن ئەنە شۇنداق بولىدۇ، مۇتەئەسسىپلىكتىن ئارقىدا قېلىش، ھەتتا مەغلۇپ بولۇشتىن باشقا نەتىجە چىقمايدۇ، دەپ تەكىتلىدى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ روشەن دەۋر روھى ئەنە شۇ.

تۆتىنچى، ئومۇمەن ئالغاندا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى جۇڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېڭى ئىلمىي سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. بۇ نەزەرىيە تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات دەۋرىنىڭ تېمىسى بولۇپ قالغان تارىخىي شارائىتتا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە سوتسيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتىدە، دۆلىتىمىزدە سوتسيالىزم غەلىبە قىلغان ۋە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ھەمدە باشقا سوتسيالىستىك دۆلەتلەرنىڭ گۈللىنىش -خارابلىشىش، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش-مەغلۇپ بولۇش جەھەتتىكى تارىخىي تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىش ئاساسىدا تەدرىجىي شەكىللەنگەن ۋە راۋاجلانغان. بۇ نەزەرىيە جۇڭگو سوتسيالىزمىنىڭ تەرەققىيات يولى، تەرەققىيات باسقۇچى، تۈپ

ۋەزىپىسى، تەرەققىيات تۈرتكىسى، تاشقى شارائىتى، سىياسىي كاپالىتى، ئىستراتېگىيىلىك قەدەم-باسقۇچى، پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە تايىنىش كۈچى ھەم ۋەتەننىڭ بىرلىككە ئوخشاش بىرقاتار ئاساسىي مەسىلىلەرگە تۇنجى قېتىم دەسلەپكى قەدەمدە بىرقەدەر سىستېمىلىق جاۋاب بېرىپ، پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىنى تۈزۈپ چىقىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. بۇ نەزەرىيە—پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد، ئىلمىي سوتسىيالىزم قاتارلىق ساھەلەرگە سىڭدۈرۈلگەن، ئىقتىساد، سىياسەت، پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت، مىللىي ئىشلار، ھەربىي ئىشلار، دىپلوماتىيە، بىرلىك سەپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرقەدەر مۇكەممەل ئىلمىي سىستېما، شۇنداقلا ھەر جەھەتتىن مەزمۇنغا تېخىمۇ بېيىتىشقا ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدىغان ئىلمىي سىستېما.

دېڭ شياۋپىڭ—ئۇلۇغ ماركسىزمچى. ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئازادلىقى ئۈچۈن، جۇڭگودا سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشى ئۈچۈن، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشتى. ئۇ بىر ئۆمۈر يۈرەك قېنىنى جۇڭگو خەلقىگە بېغىشلىدى، ھەممىدە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتتى ۋە نىشان قىلدى. ئۇنىڭ پارتىيە ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن، ماركسىزم ئۈچۈن قوشقان ئەڭ زور تۆھپىسى، بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئەڭ قىممەتلىك بايلىقى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدۇر. بۇ نەزەرىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى دېڭ شياۋپىڭ ئەسەرلىرىدە شۇنىڭدەك پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم ھۆججەتلىرىدە مەركەزلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ماركسىزم پەندۇر، ئۇ ئوبيېكتىپ پاكىتنى چىن مەنىدە باشتىن-ئاخىر ئاساس قىلىدۇ. ئەمما ئەمەلىي تۇرمۇش ھامان ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. شىددەتلىك ۋە چوڭقۇر بولىدىغان بۇنداق ئۆزگىرىش يېقىنقى 100 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئالدىنقىلار تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان دەرىجىگە يېتىپ يەتتى. دېمەك، ماركسىزم چوقۇم دەۋرنىڭ، ئەمەلىيەتنىڭ ۋە ئىلىم-پەننىڭ راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۆزگەرمەي بىر قېلىپتا تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. ماركسىزمغا مۇئامىلە قىلىشتا بىر ئۆگىنىش ئۇستىلى مەسىلىسى بار، ئۇ بولسىمۇ: جۇڭگونىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ھەل قىلىشتا زادى كىتابنى ئاساس قىلىش كېرەكمۇ ياكى ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇلنى تەتبىق قىلىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلە. ماۋ زېدۇڭ يەنئەندىكى ئىستىل تۈزىتىش ۋاقتىدىلا: «جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىشنى مەركەز قىلىش، ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى يېتەكچى قىلىش فاكچىنىنى ئېنىق بەلگىلەش لازىم، ماركسىزم-لېنىنىزمنى قاتماللىق ۋە يەككە-يېگانىلىق بىلەن تەتقىق قىلىش ئۇسۇلىنى بىكار قىلىش كېرەك» دەپ تەكىتلىگەنىدى. ھازىر پۈتۈن پارتىيىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇش، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشنى ئوتتۇرىغا قويۇش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى مەركىزىي مەزمۇن قىلىش—مۇشۇ ئېسىل

ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرغانلىق. ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدىن ۋاز كېچىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، ۋاز كەچكەندە، تۈپ ئاساستىن ئايرىلىپ قالىدىغان گەپ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چوقۇم ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى، ھازىر ئىشلەۋاتقان ئىشلىرىمىزنى مەركەز قىلىش، ماركسىزملىق نەزەرىيىنى تەتبىق قىلىشنى كۆزدە تۇتۇش، ئەمەلىي مەسىلە ئۈستىدە نەزەرىيە جەھەتتىن پىكىر يۈرگۈزۈشنى كۆزدە تۇتۇش، يېڭى ئەمەلىيەتنى ۋە يېڭى تەرەققىياتنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك. ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ۋە دەۋر تەرەققىياتىدىن ئايرىلىپ ماركسىزمنى تىلغا ئېلىشنىڭ ئەھمىيىتى يوق. ماركسىزمنى قاتماللىق ۋە يەككە-يېگانىلىق بىلەن تەتقىق قىلىش، ماركسىزمنى ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى جانلىق راۋاجىدىن ئايرىپ تاشلاش، ماركسىزمنى ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى جانلىق راۋاجىغا قارشى قويۇشتىن يول تاپقىلى بولمايدۇ. زامانىمىزدىكى جۇڭگودا ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى — تۈپ تومۇردىن بىر-بىرىگە باغلانغان بىر پۈتۈن ئىلمىي سىستېما. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە ھەقىقىي چىڭ تۇرغانلىق بولىدۇ؛ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ھەقىقىي ئېگىز كۆتۈرگەنلىك بولىدۇ.

## 4. سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەن ۋە پروگرامما

پارتىيىمىز 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دۆلەت ئەھۋالىنى توغرا تەھلىل قىلىپ، دۆلىتىمىز تېخى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ دېگەن ئىلمىي ھۆكۈمنى چىقاردى. بىز ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش كېرەك دەۋاتىمىز، جۇڭگونىڭ ھازىر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقى ھەممىدە كېيىنمۇ ئۇزاققىچە شۇ باسقۇچتا تۇرىدىغانلىقى — ئەڭ چوڭ ئەمەلىيەت. بىز «سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك» دېگەن مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، دەسلەپكى باسقۇچتىكى سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، دەسلەپكى باسقۇچتا سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن ئىلگىرى، بىزدە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا سەۋەنلىك كۆرۈلۈشىدىكى تۈپ سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى ۋەزىپىلەر ۋە سىياسەتلەر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ھالقىپ كەتتى. ئاز كەم 20 يىللىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ قولغا كېلىشىدىكى تۈپ سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، باسقۇچتىن ھالقىپ كەتكەن خاتا نۇقتىئىنەزەرلەر ۋە سىياسەتلەرگە خاتىمە بېرىلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈمدىن ۋاز كېچىدىغان خاتا تەشەببۇس چەكلەندى. شۇنداق قىلىپ، سوتسىيالىزمدىن چەتلىمدۇق،

بەلكى ئەستايىدىللىق بىلەن سوتسىيالىزم قۇرۇپ، سوتسىيالىزمنى جۇڭگودا ھەقىقىي جانلاندۇردۇق ۋە روناق تاپقۇزدۇق. شۇنىڭ بىلەن كەڭ خەلق ئۆزىنىڭ بىۋاستە تەسراتىدىن سوتسىيالىزمنى تېخىمۇ ھىمايە قىلىدىغان بولدى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا بۇ مەسىلىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكىتلەيمىز. چۈنكى، بىز ئىسلاھاتتا ئاتاكا قىلىدىغان ۋە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىدىغان مۇشكۈل ۋەزىپە ئالدىدا، خىلمۇخىل زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىپ، خىلمۇخىل گۇمانلارنى تۈگىتىپ، باشقا لۇشيەن ۋە سىياسەتلەرنى يولغا قويماي، ھازىرقى لۇشيەن ۋە سىياسەتلەرنى يولغا قويۇش شەرتلىكىنىڭ سەۋەبىنى تونۇپ يېتىشىمىز، بۇنىڭدا يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىمىزدىن ئىبارەت ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىنى بىردەك تونۇش ۋە توغرا ئىگىلەشنىڭ ئاچقۇچ ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىمىز لازىم.

سوتسىيالىزم—كوممۇنىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى، جۇڭگو يەنە كېلىپ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا يەنى تەرەققىي قىلمىغان باسقۇچىدا تۇرماقتا. بىزنىڭكىدەك چوڭ شەرق ئېلىدە، يېڭى دېموكراتىزم ئارقىلىق سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىشنىڭ ئۆزى ئۇلۇغ غەلىبە. ئەمما دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم يولىغا قەدەم قويغاندا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر-دىن كۆپ ئارقىدا تۇراتتى. بۇ ھال سوتسىيالىزم شارائىتىدا خېلى ئۇزاق دەسلەپكى باسقۇچنى باشتىن كەچۈرۈپ، سانائەتلىشىشنى ۋە ئىگىلىكنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى، بازارلىشىشى، زامانىۋىلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇ-رۇش شەرتلىكىنى بەلگىلىگەن. بۇ ھالقىپ ئۆتۈشكە بولمايدىغان تارىخىي باسقۇچتۇر.

پارتىيىنىڭ پروگراممىسىدا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى دېگەن ئىلمىي ئۇقۇم ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ—ماركسىزم تارىخىدىكى تۇنجى ئىش. دېڭ شياۋپىڭ دەسلەپكى باسقۇچقا خاس سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈستىدە توختالغاندا: «بىز ھازىر قىلىۋاتقان ئىش—بىر يېڭى ئىش. ماركس تىلغا ئالمىغان، ئەجدادلىرىمىز قىلىپ باقمىغان ئىش، باشقا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرمۇ قىلىپ باقمىغان ئىش، شۇڭا، ئۆگەنگۈدەك تەييار تەجرىبە يوق. بىز ئۆچۈن ئىشلەش داۋامىدا ئۆگىنىش، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىزدىنىشتىن باشقا يول يوق» دەپ ئالاھىدە تەكىتلىگەنىدى. دېمەك، جۇڭگودا سوتسىيالىزمنى ھەقىقىي قۇرۇشتا، ھەممىدە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا خاس ئەمەلىيەتنىلا ئاساس قىلىشقا بولىدۇكى، سۇبيېكتىپ ئارزۇنى ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ، چەت ئەلنىڭ بۇنداق ياكى ئۇنداق ئەندىزىسىنى ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ، ماركسىزم ئەسەرلىرىدىكى ئايرىم ھۆكۈملەردىن ھاسىل قىلىنغان دوگمىلارچە چۈشەنچىنى ۋە ماركسىزم نامىدا قوشۇپ قويۇلغان بەزى خاتا نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئاساس قىلىشقا بولمايدۇ.

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى—تەرەققىي قىلمىغان ھالەتتىن تەدرىجىي قۇتۇلۇپ، سوتسىيالىس-تىك زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان تارىخىي باسقۇچ: يېزا ئىگىلىك ئاھالىسى ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلىگەن، ئاساسەن قول ئەمگىكىگە تايىنىدىغان يېزا ئىگىلىك دۆلىتىنى

پەيدىنپەي يېزا ئىگىلىكىنىڭكىدىن باشقا ئاھالە كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغان، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى ۋە زامانىۋى مۇلازىمەتچىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، سانائەتلەشكەن دۆلەتكە ئايلاندۇرىدىغان تارىخىي باسقۇچ؛ ناتۇرال ئىگىلىك، يېرىم ناتۇرال ئىگىلىك ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئىگىلىكنى پەيدىنپەي بازارلىشىش دەرىجىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان ئىگىلىككە ئايلاندۇرىدىغان تارىخىي باسقۇچ؛ ساۋاتسىز، يېرىم ساۋاتسىز ئاھالە ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلەيدىغان، پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت ئارقىدا قالغان ھالەتنى پەيدىنپەي پەن-تېخنىكا، مائارىپ، مەدەنىيەت بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان ھالەتكە ئايلاندۇرىدىغان تارىخىي باسقۇچ؛ نامرات ئاھالە ناھايىتى زور سالماقنى ئىگىلىگەن، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بىرقەدەر تۆۋەن بولغان ھالەتنى پەيدىنپەي پۈتكۈل خەلق بىرقەدەر باياشاتلاشقان ھالەتكە ئايلاندۇرىدىغان تارىخىي باسقۇچ؛ رايونلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى تولىمۇ تەكشىسىز بولغان ھالەتنى ئۆزگەرتىپ، بەزىلىرىنى ئاۋۋال، بەزىلىرىنى كېيىن تەرەققىي تاپقۇزۇش ئارقىلىق پەرق تەدرىجىي كىچىكلىتىلىدىغان تارىخىي باسقۇچ؛ ئىسلاھات ۋە ئىزدىنىش ئارقىلىق، بىرقەدەر پىشىپ يېتىلگەن، ھاياتىي كۈچكە تولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەت تۈزۈلمىسى ھەم باشقا جەھەتتىكى تۈزۈلمە بەرپا قىلىنىدىغان ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلىدىغان تارىخىي باسقۇچ؛ كەڭ خەلق جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرىدىغان ئورتاق غايىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەپ، پۈكۈلمەس ئىرادە بىلەن ئالغا ئىنتىلىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ۋەتەننى تىرىشچانلىق-ئىقتىسادچىللىق بىلەن گۈللەندۈرۈپ، ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، تىرىشىپ مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىدىغان تارىخىي باسقۇچ؛ دۇنياۋى ئىلغار سەۋىيە بىلەن بولغان پەرقنى تەدرىجىي كىچىكلىتىپ، سوتسىيالىزم ئاساسىدا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بۈيۈك گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان تارىخىي باسقۇچ. مۇشۇنداق تارىخىي جەريان ئۈچۈن ئاز دېگەندە 100 يىل ۋاقىت كېتىدۇ. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا كەلسەك، ئۇ تېخىمۇ ئۇزاق ۋاقىت تەلەپ قىلىدۇ، بىرنەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ، ئون نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ، ھەتتا نەچچە ئون ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ قەتئىي بوشاشماي تىرىشىپ كۈرەش قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

دۆلىتىمىز 50-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا قەدەم قويغاندىن باشلاپ ھازىرغىچە 40 نەچچە يىللىق، بولۇپمۇ ئازكەم 20 يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىمىز كۆپ يۈكسەلدى، تۈرلۈك ئىشلار زور دەرىجىدە ئالغا سۈرۈلدى. ئەمما، ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا، نوپۇس كۆپ، ماددىي ئاساس ئاجىز، رايونلار تەرەققىياتى تەكشىسىز بولۇش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلماسلىق ئەھۋالى تۈپتىن ئۆزگەرمىدى؛ سوتسىيالىستىك تۈزۈم تېخى مۇكەممەللەشمىدى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى تېخى پىشىپ يېتىلمىدى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق تېخى دېگەندەك ساغلاملاشمىدى، فېئوداللىزم، كاپىتالىزمنىڭ چىرىك ئىدىيىسى ۋە ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىشقا خاس ئادەت كۈچىنىڭ كەڭ تەسىرى جەمئىيەتتە تېخى ساقلىنىۋاتىدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىز يەنىلا دەسلەپكى

باسقۇچتا تۇرماقتا.

سوتسيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى—ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش. سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇش ئالاھىدە زۆرۈر. دۆلىتىمىزدە ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە خىلمۇخىل زىددىيەت مەۋجۇت. سىنىپىي زىددىيەت خەلقئارا ۋە ئىچكى ئامىللار تۈپەيلىدىن مەلۇم دائىرىدە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن خەلقنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بارىدىغان ماددىي ۋە مەدەنىي ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت بولۇپ قالدى، بۇ ئاساسىي زىددىيەت ئېلىمىز سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىگە سىڭگەن. بۇ ھال ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ، پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ مەركىزى قىلىشىمىز شەرتلىكىنى، تۈرلۈك ئىشلارنى مۇشۇ مەركەزگە بويسۇندۇرۇشىمىز ۋە خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىملىقىنى بەلگىلىدى. مۇشۇ ئاساسىي زىددىيەتنى ۋە خىزمەت مەركىزىنى چىڭ تۇتقاندىلا، ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ ئومۇمىيىتىنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ ۋە ئىگىلەپ، ھەرخىل ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. تەرەققىيات—چىڭ قائىدە. جۇڭگودا بارلىق مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى ئۆزىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىشقا باغلىق.

سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت تۈپ ۋەزىپىنى دەۋرىي قىلىپ، ئىسلاھاتنى جۇڭگوچە سوتسيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى جەھەتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىدىغان تۈرتكە قىلىش لازىم. ئىسلاھات—ئومۇمىي ئىسلاھات، سوتسيالىستىك ئاساسىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ۋە ھالقىلىرىنى ئاڭلىق تەڭشەپ، ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچقا خاس تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ۋە زامانىۋىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان تارىخىي تەلەپكە لايىقلاشتۇرىدىغان ئىسلاھات. سوتسيالىزمنى بازار ئىگىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈش—بىر ئۇلۇغ ئىجادىيەت. بۇنىڭ ئۈچۈن پائال ئىزدىنىپ، دادىل سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ، ئاممىنىڭ ئىجادكارلىق روھىغا ھۆرمەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؛ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش داۋامىدا تۇغۇلغان چوڭقۇر قاتلاملىق زىددىيەتلەر ۋە ئاچقۇچلۇق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؛ ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ، جۈملىدىن تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ئىلغار تېخنىكىسى ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىسىنى قوبۇل قىلىشقا ۋە ئەينەك قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

سوتسيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، مۇقىم سىياسىي مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي تەرتىپنى ساقلاش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە

ئىگە. مۇقىملىق بولمىسا، ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. پارتىيە رەھبەرلىكىدە ۋە خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىسىدا چىڭ تۇرۇش، ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئىككى قولدا تۇتۇش، ھەر ئىككى قولدا چىڭ تۇتۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، مۇقىملىقنى بۇزىدىغان ئامىللارنىڭ ھەممىسىنى تۈگىتىش، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش، خەلقئارا ۋە ئىچكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ سىڭىپ كىرىش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش ۋە پارچىلاش ھەرىكەتلىرىدىن ھوشيار بولۇش شەرت. ئىسلاھات كۈچى، تەرەققىيات سۈرئىتى ۋە جەمئىيەتنىڭ كۆتۈرۈش دەرىجىسىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنى ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقنى ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات ئاساسىدا ئىشقا ئاشۇرۇش شەرت.

ئىشلىرىمىزنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىدىغان تارىخىي پەيتتە، شۇنى رەسمىي كۆرسىتىش زۆرۈركى، پۈتۈن پارتىيە پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىدە قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش بىلەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپ ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي نۇقتىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغ ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشى كېرەك. بۇ — پارتىيىمىزنىڭ ئاز كەم 20 يىلدىن بۇيان ھاسىل قىلغان ئەڭ قىممەتلىك تەجرىبىسى، ئىشلىرىمىزنى غەلىبە بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىتىشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك كاپالىتى. ئوڭچىللىقتىن ھوشيار بولۇش، لېكىن ئاساسلىقى «سول» چىللىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مېڭىنى سەگەك تۇتۇش، تۈرلۈك توسالغۇلارنى تۈگىتىش، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە ۋە ئاساسىي لۇشيەندە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش كېرەك. مۇشۇ نەزەرىيە ۋە ئاساسىي لۇشيەنگە ئاساسلىنىپ، باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك زامانىۋى دۆلەت قۇرۇپ چىقىش نىشانىنى دەۋرىي قىلىپ، نېمىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا خاس جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەت ۋە مەدەنىيەت ئىكەنلىكىنى، مۇشۇنداق ئىقتىساد، سىياسەت ۋە مەدەنىيەتنى قانداق بەرپا قىلىش كېرەكلىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش زۆرۈر.

——جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادنى بەرپا قىلىش سوتسىيالىزم شارائىتىدا بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش دېگەن سۆز. بۇنىڭ ئۈچۈن سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇلىدىغان ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم؛ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بازارنى دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلىشى ئاساسىدا بايلىق تەقسىملەشتە ئۇللۇق رول ئوينايدىغان قىلىش لازىم؛ ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئاساسىي گەۋدە قىلىنغان كۆپ خىل تەقسىمات ئۇسۇلىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىر قىسىم رايونلارنىڭ، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ

ئاۋۋال بېيىپ، كېيىنرەك بېيىيدىغانلارغا باشلامچى بولۇپ ۋە ياردەم بېرىپ، ئورتاق بېيىش يولىغا پەيدىنپەي قەدەم تاشلىشىغا يول قويۇش كېرەك؛ ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىققا ۋە رىقابەتكە پائال قاتنىشىش لازىم. خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىغا، خەلقنىڭ ئىقتىسادىي گۈللىنىش مېۋىسىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

—— جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك سىياسەت بەرپا قىلىش جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدا، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنى راۋاجلاندۇرۇش دېگەن سۆز. بۇنىڭ ئۈچۈن ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقى ئاساس قىلىنغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىسىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم؛ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش، سىياسىي مەسلىھەت ئېلىپ بېرىش تۈزۈمى ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك؛ دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇپ، قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇپ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىش لازىم. جەمئىيەت تىنچ بولغان، ھۆكۈمەت پاك بولغان، يۇقىرى ئۈنۈم بىلەن ئىشلەيدىغان، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئىتتىپاقلىشىپ ئىناق ئۆتىدىغان جانلىق-جۇشقۇن سىياسىي ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش كېرەك.

—— جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق يۇقىرى ئادەملەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى نىشان قىلىپ، زامانىۋىلىشىشقا يۈزلەنگەن، دۇنياغا يۈزلەنگەن، كېلەچەككە يۈزلەنگەن مىللىي، ئىلمىي، ئاممىۋى سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇش دېگەن سۆز. بۇنىڭ ئۈچۈن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشتا، خەلقنى تەربىيىلەشتە چىڭ تۇرۇش لازىم؛ پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىدىيىۋى، ئەخلاقىي سۈپىتى ۋە مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئىزچىل ئۆستۈرۈش كېرەك؛ خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە ۋە ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش-ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، بەرپا قىلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئىلىم ۋە ئەدەبىيات-سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش لازىم. مەۋقەسى جۇڭگونىڭ رېئاللىقىغا قويۇلغان، تارىخىي مەدەنىيەتنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىدىغان، چەت ئەل مەدەنىيىتىنىڭ پايدىلىق مۇۋەپپەقىيىتىنى قوبۇل قىلىدىغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش كېرەك.

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەت ۋە مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئاساسىي نىشانلىرى ۋە ئاساسىي سىياسەتلىرى بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان ئورگانىك بىر پۈتۈنلۈك بولۇپ،

پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا خاس ئاساسىي پروگراممىسىنى ھاسىل قىلغان. بۇ پروگرامما—دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەردىكى راۋاجى، مۇشۇ يىللاردىن بۇيانقى ئەڭ ئاساسىي تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈنى.

## 5. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى

ھازىردىن باشلاپ كېلەركى ئەسىرنىڭ ئالدىنقى ئون يىلىغىچە بولغان مەزگىل—دۆلىتىمىز ئىككىنچى قەدەملىك ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئۈچىنچى قەدەملىك ئىستراتېگىيىلىك نىشانىنى كۆزلەپ قەدەم تاشلايدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىل. ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ۋە ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ تۈپ ئۆزگىرىشىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، 9-بەش يىللىق پىلاننى ۋە 2010-يىلىغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشاننى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش، كېلەركى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا زامانىۋىلىشىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشىمىز لازىم. مۇشۇ مەزگىلدە، بىرقەدەر مۇكەممەللەشكەن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز ۋە ساغلام تەرەققىياتىنى ساقلاش—ئوبدان ھەل قىلىش شەرت بولغان ئىككى چوڭ تېما. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئىسلاھات يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھاتنى بەزى چوڭ جەھەتلەردە يېڭى نەتىجىگە ئېرىشتۈرۈش ھەمدە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇش، پەن-تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئىشلارنى زور دەرىجىدە ئالغا سىلجىتىپ، ئىقتىسادنى تەڭكەش راۋاجلاندۇرۇشنىڭ سۈرئىتى بىرقەدەر تېز، ئۈنۈمى بىرقەدەر ئوبدان بولىدىغان، بىر پۈتۈن سۈپەت ئۈزلۈكسىز ئۆسىدىغان يولنى ھەقىقىي تېپىپ چىقىش كېرەك.

(1) مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇش—دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا خاس ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمى. بۇ تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشىنى سوتسىيالىزمنىڭ خاراكتېرى بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا خاس دۆلەت ئەھۋالى بەلگىلىگەن: بىرىنچىدىن، دۆلىتىمىز—سوتسىيالىستىك دۆلەت، شۇڭا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈمنىڭ ئاساسى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش شەرت؛ ئىككىنچىدىن، دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، شۇڭا، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش شەرتى ئاستىدا، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، «ئۈچ پايدىلىق بولۇش»قا ئۇيغۇن كېلىدىغان مۈلۈكچىلىك شەكلىنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلسا بولىدۇ، يەنە كېلىپ خىزمەت

قىلدۇرۇلۇشى كېرەك.

پارتىيىمىز 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئۆلكىرى مۈلۈكچىلىك مەسىلىسىدە كۆرۈلگەن تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرىنى بىرلىكتە راۋاجلاندۇرۇش فائچىنىنى تۈزۈپ چىقىپ، نامۇۋاپىق مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى بوغىدىغان ئاسارىتىنى پەيدىنپەي تۈگەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلى كۆپ خىللىشىش ۋە كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرى بىرلىكتە راۋاجلىنىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى. مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى داۋاملىق تەڭشەپ ۋە مۇكەممەل-لەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىكى زور ۋەزىپە بولۇپ قالدى.

ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ مەنىسىنى ئەتراپلىق چۈشىنىش لازىم. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى دۆلەت ئىگىلىكى بىلەن كوللېكتىپ ئىگىلىكنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماي، ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ دۆلەت ئىگىدارلىقى تەركىبى بىلەن كوللېكتىپ ئىگىدارلىقى تەركىبىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنى ئاساسەن مۇنۇ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: ئومۇمىي مۈلۈك ئىجتىمائىي ئومۇمىي مۈلۈكتە ئۈستۈنلۈكتە تۇرىدۇ؛ دۆلەت ئىگىلىكى خەلق ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرىنى تىزگىنلەپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا يېتەكچى رول ئوينايدۇ. بۇ سۆز پۈتۈن مەملىكەتكە قارىتىلغان، بەزى جايلاردا ۋە بەزى كەسىپلەردە ئاز-تولا پەرقلىق بولسا بولىدۇ. ئومۇمىي مۈلۈكنى ئۈستۈنلۈكتە تۇرغۇزۇش ئۈچۈن، مىقدار جەھەتتە ئۈستۈنلۈك بولۇش زۆرۈر، سۈپەتنى ئۈستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش تېخىمۇ زۆرۈر. دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ يېتەكچى رول ئويىنىشى ئاساسەن ئۇنىڭ تىزگىنلەش كۈچىدە ئىپادىلىنىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ جايلاشتۇرۇلۇشىنى ئىستراتېگىيە جەھەتتىن تەڭشەش كېرەك. خەلق ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرىغا بېرىپ تاقىلىدىغان مۇھىم كەسىپلەر ۋە ئاچقۇچلۇق ساھەلەردە، دۆلەت ئىگىلىكى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇشى شەرت. باشقا ساھەلەردە، مۈلۈكنى قايتىدىن گۇرۇپپىلاشتۇرۇش ۋە قۇرۇلمىنى تەڭشەش ئارقىلىق مۇھىم نۇقتا كۈچەيتىلىپ، دۆلەت مۈلكىنىڭ بىر پۈتۈن سۈپىتى ئۈستۈرۈلسە بولىدۇ. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلسىلا، دۆلەت خەلق ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرىنى تىزگىنلەپ تۇرسىلا، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ تىزگىنلەش كۈچى ۋە رىقابەت كۈچى ئاشسىدۇ، مۇشۇ شەرت ئاستىدا، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ سالمىقى سەل ئازايسىمۇ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىگە تەسىر يەتمەيدۇ.

كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى—ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. كوللېكتىپ ئىگىلىك ئورتاق بېيىش پرىنسىپىنى گەۋدىلەندۈرەلەيدۇ، ئىجتىمائىي تارقاق مەبلەغنى كەڭ جەلپ قىلىپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش بېسىمىنى يېنىكلىتەلەيدۇ، جامائەت جۇغلانمىسى بىلەن دۆلەتنىڭ باج كىرىمىنى كۆپەيتىدۇ. شەھەر-يېزىلاردىكى كۆپ خىل شەكىللىك كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەتكار

بولۇش، ئىلھام بېرىش ۋە ياردەم بېرىش كېرەك. بۇنىڭ ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىكى ئەھمىيىتى زور.

ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ رېئاللىشىش شەكلى كۆپ خىللاشتۇرۇلسا بولىدۇ، بەلكى كۆپ خىللاشتۇرۇلۇشى كېرەك. ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان بارلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇلى ۋە تەشكىللەش شەكلىدىن دادىل پايدىلىنىلسا بولىدۇ. ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىمكان بېرىدىغان رېئاللىشىش شەكلىنى ئىزدىنىشنى تېپىش لازىم. پاي تۈزۈمى زامانىۋى كارخانىنىڭ بىر خىل كاپىتال توپلاش شەكلى بولۇپ، ئىگىدارلىق قىلىش هوقۇقى بىلەن ئىگىلىك باشقۇرۇش هوقۇقىنى ئايرىشقا پايدىلىق، كارخانىنىڭ ۋە كاپىتالنىڭ ئىشقا سېلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق، بۇ تۈزۈم كاپىتالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلسا بولىدۇ، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلسىمۇ بولىدۇ. پاي تۈزۈمى تومتاقلا ئومۇمغا خاس ياكى خۇسۇسىيغا خاس دېيىلسە بولمايدۇ، بۇنىڭدا مۇھىمى پاي چېكىنى تىزگىنلەش هوقۇقىنىڭ كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىگە قاراش كېرەك. پاي چېكىنى دۆلەت ۋە كوللېكتىپ تىزگىنلىگەن بولسا، روشەن دەرىجىدە ئومۇم ئىگىدارلىق قىلىش خاراكتېرىنى ئالغان بولىدۇ، بۇ ئومۇم ئىلكىدىكى كاپىتالنىڭ هۆكۈمرانلىق دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ۋە ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك رولىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق. هازىر شەھەر-يېزىلاردا كۆپلەپ بارلىققا كەلگەن خىلمۇخىل پاي هەمكارلىق تۈزۈمىدىكى ئىگىلىك—ئىسلاھاتتىكى يېڭى شەيئى، ئۇنى مەدەتكار بولۇش ۋە يول كۆرسىتىش، تەجرىبىلەرنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەش ئارقىلىق پەيدىنپەي مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك جەھەتتە بىرلىشىشى ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ كاپىتال جەھەتتە بىرلىشىشىنى ئاساس قىلغان كوللېكتىپ ئىگىلىكنى ئالاھىدە تەشەببۇس قىلىش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش لازىم.

ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭكىدىن باشقا ئىگىلىك—سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. يەككە ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىككە ئوخشاش ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكنىڭكىدىن باشقا ئىگىلىككە داۋاملىق ئىلھام بېرىپ ۋە يول كۆرسىتىپ، ئۇنى ساغلام راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. بۇنداق قىلىش كىشىلەرنىڭ كۆپ خىللاشتۇرۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش مىقدارىنى كۆپەيتىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ.

مۇلۇككە دائىر قانۇن تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ھەر خىل كارخانىلارنىڭ قانۇنىي هوقۇق-مەنپەئىتى ۋە ئادىل رىقابىتىنى قانۇن بويىچە قوغداش ھەمدە شۇ كارخانىلارنى قانۇن بويىچە نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇش لازىم.

(2) دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى تېز ئالغا سۈرۈش. دۆلەت كارخانىلىرى—خەلق ئىگىلىكىمىزنىڭ تۈۋرۈكى. دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى

تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇستەھكەملەشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش — دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات يۆنىلىشى. «مۈلۈك ھوقۇقى ئوچۇق بولۇش، ھوقۇق-مەسئۇلىيەت ئېنىق بولۇش، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش، باشقۇرۇش ئىلمىي بولۇش» تەلىپى بويىچە چوڭ-ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىدا قېلىپلاشقان شىركەت تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى يولغا قويۇپ، كارخانىنى بازارغا لايىقلاشقان قانۇنىي ئىگىلىك ئەمەلىي گەۋدىگە ۋە رىقابەت سۇبيېكتىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. دۆلەت بىلەن كارخانىنىڭ ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىم. دۆلەت كارخانىغا سالغان كاپىتالغا ئاساسەن ئىگىدارلىق قىلغۇچىغا خاس ھوقۇق-مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ، كارخانىنىڭ قەرزى ئۈچۈن چەكلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ؛ كارخانا ئىگىلىك باشقۇرۇشتا قانۇن بويىچە ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرىدۇ، پايدا-زىيانغا ئۆزى ئىگە بولىدۇ. ھۆكۈمەت كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش پائالىيىتىگە بىۋاسىتە ئارىلاشسا بولمايدۇ، كارخانىمۇ ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ تىزگىنلىشىنى قوبۇل قىلمىسا، ئىگىدارلىق قىلغۇچىنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزسە بولمايدۇ. كۆپ خىل ئۇسۇللارنى قوللىنىش، جۈملىدىن مەبلەغنى بىۋاسىتە يۈرۈشتۈرۈش، كارخانىنىڭ دەسمايىسىنى تولۇقلاش كېرەك. كۆپ مەنبەلىك مەبلەغ سېلىش سۇبيېكتىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنىڭ ئايرىلىشىغا ۋە كارخانىنىڭ باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇش لازىم.

دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. پۈتكۈل دۆلەت ئىگىلىكىنى ياخشىلاشنى نەزەردە تۇتۇپ، چوڭلىرىنى ئوبدان تۇتۇپ، كىچىكلىرىنى قويۇۋېتىپ -جانلاندۇرۇپ، دۆلەت كارخانىلىرىدا ئىستراتېگىيىلىك ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش يولىنى تۇتۇش لازىم. كاپىتالنى ۋاستە قىلىش، بازار ئارقىلىق بىرقەدەر كۈچلۈك رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان، رايون ھالقىپ، كەسىپ ھالقىپ، مۈلۈكچىلىكتىن ھالقىپ ۋە دۆلەت ھالقىپ تىجارەت قىلىدىغان چوڭ كارخانا گۇرۇھلىرىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، بىرلەشتۈرۈش، قوشۇۋېتىش، ئىجارىگە بېرىش، باشقۇرۇشنى ھۆددىگە بېرىش ۋە پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، سېتىشقا ئوخشاش شەكىللەرنى قوللىنىپ، دۆلەت ئىلكىدىكى كىچىك كارخانىلارنى قويۇۋېتىش-جانلاندۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش لازىم. كارخانىلارنىڭ تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كارخانا مەبلىغى ۋە ئىجتىمائىي مەبلەغنىڭ تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە سېلىنىشىغا ئىلھام بېرىپ ۋە يول كۆرسىتىپ، يېڭى مەھسۇلات يارىتىش ۋە تېخنىكا يېڭىلاشنىڭ بازارغا يۈزلەنگەن مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ئىلمىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كارخانىنىڭ بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتىگە ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ۋە تەشكىلىي باشقۇرۇش تۈزۈمى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، تەدبىر بەلگىلەش، ئىجرا قىلىش ۋە نازارەت قىلىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، رىغبەتلەندۈرۈش ۋە تىزگىنلەشنىڭ ئۈنۈملۈك

مېخانىزمنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. كارخانىلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى ئوبدان قۇرۇش، كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ سىياسىي يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇش، ئىشچىلار سىنىپىغا جان-دىل بىلەن تايىنىش فائىجىبىندا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

ئۆزئارا قوشۇلۇپ كېتىشكە ئىلھام بېرىش، ۋەيران بولۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئىش ئورنىدىن قالغانلارنى بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش، خادىملارنى قىسقارتىپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش يولىنى تۇتۇپ، كارخانىلارنىڭ ياخشىلىرىنى تاللايدىغان، ناچارلىرىنى شاللايدىغان رىقابەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش لازىم. كارخانا ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، تېخنىكا تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ تەڭشىلىشى ئارقىسىدا، خادىملار يۆرۈشۈپ تۇرىدىغان ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىش ئورنىدىن قالىدىغان ئەھۋالدىن ساقلىنىش قىيىن. بۇ ئىش بىر قىسىم ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ۋاقىتلىق قىيىنچىلىق تۇغدۇرغىنى بىلەن، تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا پايدىلىق، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئىجابىي تەدبىر قوللىنىپ، جەمئىيەت-نىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى كۈچلەرگە تايىنىپ، ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇ-شىغا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇشى، كەسپىي جەھەتتىن تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇشى، ئىشقا ئورۇنلىشىشقا كەڭ يول ئېچىشى، قايتا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىشقا ئورۇنلىشىش كۆزقارىشىنى ئۆزگەر-تىپ، ئۆزىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ يېڭى تەلىپىگە تېزىشىپ لايىقلىشىشى لازىم.

يۈرۈشلەشكەن تۈرلۈك ئىسلاھاتنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش ۋە ئىشقا سېلىشنىڭ ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، دۆلەت مۈلكى قىممىتىنىڭ ساقلىنىشى ۋە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، دۆلەت مۈلكىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، جەمئىيەت بىر تۇتاش غەملەش بىلەن شەخسىي ھېساب ئېچىش بىرلەشتۈرۈلگەن كۈتۈنۈش-داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ۋە ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئەڭ تۆۋەن ئىجتىمائىي كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم. شەھەر-بازارلاردا تۈرلۈك ئۆي جامائەت فوندى تەسىس قىلىپ، تۈرلۈك ئۆي تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك.

دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش—پۈتۈن پارتىيىنىڭ مۇھىم ھەم مۈشكۈل ۋەزىپىسى. ئىشەنچنى ئاشۇرۇپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىپ، دادىللىق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە دۆلەت ئىلكىدىكى چوڭ-ئوتتۇرا تايانچ كارخانىلارنىڭ زور كۆپ قىسمىدا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئورنىتىشقا تىرىشىش، ئىگىلىك باشقۇرۇش ئەھۋالىنى روشەن دەرىجىدە

ياخشىلاش، دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش لازىم.

(3) تەقسىمات قۇرۇلمىسى ۋە تەقسىمات ئۇسۇلىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئاساس قىلىش، كۆپ خىل تەقسىمات ئۇسۇلىنى تەڭ ساقلاپ قېلىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىغا قاراپ تەقسىم قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئۈنۈمنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئادىللىققا ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇرۇش—بايلىقنى ياخشى تەقسىملەش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ساقلاش ئۈچۈن پايدىلىق. قانۇنلۇق كىرىمنى قانۇن بويىچە قوغداش، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھالال ئەمگەك بىلەن ۋە قانۇنلۇق تىجارەت بىلەن ئاۋۋال بېيىشىغا يول قويۇش ۋە ئىلھام بېرىش، كاپىتال، تېخنىكا قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ كىرىم تەقسىماتىغا قاتناشتۇرۇلۇشىغا يول قويۇش ۋە ئىلھام بېرىش لازىم. قانۇنسىز كىرىمنى بىكار قىلىش، ئومۇمىي مۈلۈككە چاڭ سالغانلارنى ۋە باج ئوغرىلاش—باجدىن قېچىش، ھوقۇق-پۇل سودىسى قىلىشقا ئوخشاش قانۇنسىز ۋاسىتىلەر بىلەن پايدا ئالغانلارنى قانۇن بويىچە قەتئىي جازالاش كېرەك. نامۇۋاپىق كىرىمنى تەرتىپكە سېلىش، ساھە مونوپولىيىسىگە ۋە بەزى ئالاھىدە شارائىتقا تايىنىپ، شەخسلەر ئارتۇقچە كىرىمگە ئىگە بولۇۋېلىش ئەھۋالىنى تۈزىتىش شەرت. بەك يۇقىرى كىرىمنى تەكشۈرۈپ، شەخسلەردىن تاپاۋەت بېجى ئېلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مىراس بېجى ئېلىشقا ئوخشاش يېڭى باج تۈرلىرىنى يولغا قويۇش لازىم. كىرىم تەقسىماتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، كىرىم پەرقىنى ئەقىلگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

مالىيە كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈش، دۆلەت مالىيىسىنى گۈللەندۈرۈش—تۇرلۇك ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇھىم شەرتى. دۆلەت، كارخانا، شەخس ئوتتۇرىسىدىكى ۋە مەركەز بىلەن جايلار ئوتتۇرىسىدىكى تەقسىمات مۇناسىۋىتىنى توغرا بىرتەرەپ قىلىپ، مالىيە كىرىمىنىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىدە ئىگىلەيدىغان سالمىقى بىلەن مەركەز مالىيە كىرىمىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مالىيە كىرىمىدە ئىگىلەيدىغان سالمىقىنى پەيدىنپەي ئۆستۈرۈش ھەمدە مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسىدىكى ئۆزگىرىشكە ۋە ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنىڭ ئۆزگەرتىلىشكە لايىقلىشىش، مالىيە كىرىم-چىقىمىنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، تۇراقلىق ۋە تەڭپۇڭ بولغان دۆلەت مالىيىسىنى بەرپا قىلىش لازىم.

(4) بازار مېخانىزمىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. خەلق ئىگىلىكىنىڭ بازارلىشىش جەريانىنى تېزلىتىش كېرەك. ھەرخىل بازارنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش، كاپىتال، ئەمگەك كۈچى، تېخنىكا قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرى بازىرىنى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ باھاسىنى شەكىللەندۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. ئوبوروت تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، بازار قائىدىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، بازار باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، بازار توسالغۇلىرىنى تازىلاش، رايون قامالى ۋە تارماق مونوپولى-

يېسىنى بۇزۇپ تاشلاش، بىر تۇتاش-ئوچۇق، رىقابەتلىك-تەرتىپلىك بازار سىستېمىسىنى تېز بەرپا قىلىش، بازارنىڭ بايلىقنى تەقسىملەشتىكى ئۇللۇق رولىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشتىكى ئاساسىي ۋەزىپە — ئومۇمىي ئىقتىساد مىقدارىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش، پۇل پاخاللىقىنى تورمۇزلاش، زور ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ سەرخىللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىقتىسادنىڭ مۇقىم يۈكسىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش. ماكرولۇق تەڭشەش ۋە تىزگىنلەشتە ئاساسەن ئىقتىسادىي ۋاستە ۋە قانۇنىي ۋاستىنى ئىشقا سېلىش كېرەك. پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى، مالىيە تۈزۈلمىسى ۋە پىلان تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش ۋاستىسى ۋە ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. مۇۋاپىق قىسىش ئاساسىدىكى مالىيە سىياسىتى ۋە پۇل سىياسىتىنى يولغا قويۇش، تەڭشەش-تىزگىنلەش سالمىقىنى ئىگىلەشكە دىققەت قىلىش كېرەك. پۇل مۇئامىلە ئاپپاراتلىرى ۋە پۇل مۇئامىلە بازىرى، جۈملىدىن ئاكسىيە بازىرى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش، پۇل مۇئامىلە تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرۇش ۋە قوغداش، پۇل مۇئامىلە خەۋپ-خەتىرىدىن ئۈنۈملۈك مۇداپىئە كۆرۈش ۋە ئۇنى تۈگىتىش لازىم.

(5) يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساس بولۇش ئورنىنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەش ۋە سەرخىللاشتۇرۇش. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئاساسلىنىپ، دۇنيانىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى تېزلىشىۋاتقان ۋە خەلقئارا ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ قايتا گۇرۇپپىلىشىش سۈرئىتى تېزلىشىۋاتقان يۈزلىنىشنى تولۇق ھېسابقا ئېلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي سۈپىتى ۋە ئومۇمىي ئۈنۈمىنى ئەتراپلىق ئۆستۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى ۋە خەلقئارا رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلما ئۈستىدە ئىستراتېگىيىلىك تەڭشەش ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇ — خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ جىددىي تەلىپى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپىسى. ئومۇمىي پرىنسىپ: بازارنى يول باشلىغۇچى قىلىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى ئىچكى-تاشقى بازار ئېھتىياجىدىكى ئۆزگىرىشكە لايىقلاشتۇرۇش؛ پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىپ، كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ سەرخىللىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ جايلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، رايونلار ئىقتىسادىنىڭ تەكشى راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇش؛ ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، سېلىنما يۇقىرى، ئېلىنما تۆۋەن، سەرپىيات يۇقىرى، ئۈنۈم تۆۋەن بولۇش ھالىتىنى ئۆزگەرتىش.

يېزا ئىگىلىكىنى ئىقتىسادىي خىزمەتتە ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ يېزىغا قارىتىلغان ئاساسىي سىياسىتىنى تۇراقلاشتۇرۇپ، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا، دېھقانلار دارامىتىنىڭ ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنى كۆپ يوللار بىلەن ئاشۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش لازىم. يېزا ئىگىلىكىنى پەن-تېخنىكا

ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، يۇقىرى ھوسۇللۇق، ئەلا سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكىنى ۋە سۇ تېجەيدىغان يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنىڭ كەسپلەشتۈرۈش يولى بىلەن باشقۇرۇلۇشىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، پىششقلاپ ئىشلەش، سېتىش ئورگانىك ئاساستا بىرلەشتۈرۈلگەن ۋە بىر-بىرىگە تۇرتكە بولىدىغان مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تاۋارلىشىش، كەسپلىشىش ۋە زامانىۋىلىشىش يۆنىلىشى بويىچە ئۆزگەرتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق، چارۋىچىلىق، قوشۇمچە كەسىپ، بېلىقچىلىق ئىشلىرىنى ھەر تەرەپلىمە راۋاجلاندۇرۇش، يېزا-بازار كارخانىلىرىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئەقىلغە مۇۋاپىق كەسىپ قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. كىچىك شەھەر-بازارلارنىڭ پىلانلاش-قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئوبدان يولغا قويۇش كېرەك. مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئۇزاققىچە تۇراقلاشتۇرۇش، بىرتۇتاش باشقۇرۇش بىلەن تارقاق باشقۇرۇش بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى قەدەممۇقەدەم ئۇلغايتىش لازىم. ئاشلىق-پاختا سېتىۋېلىش-سېتىش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش، ئەقىلغە مۇۋاپىق باھا سىياسىتىنى يولغا قويۇش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان مۇلازىمەتچىلىك سىستېمىسى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى سىستېمىسى ۋە دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى قوللاش، قوغداش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، دېھقانلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش، دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ھەقىقىي يەڭگىللىتىش، كەڭ دېھقانلارنى پارتىيىنىڭ يېزىغا قارىتىلغان تۈرلۈك سىياسەت ۋە خىزمىتىدىن مەنپەئەتلەندۈرۈش كېرەك.

ئەنئەنىۋى كەسپلەرنى ئۆزگەرتىش ۋە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش، يېڭى كەسپلەرنى ۋە يۇقىرى تېخنىكا كەسپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئۇچۇرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئاساسىي مۇئەسسەسە ۋە ئاساسىي سانائەتنى داۋاملىق كۈچەيتىش، پىششقلىما سانائەتنى تەڭشەش ۋە ئۆزگەرتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، تۇۋرۇك كەسپلەرنى گۈللەندۈرۈش، ئىقتىسادىي يۈكسىلىشنىڭ يېڭى نۇقتىلىرىنى پائال يېتىلدۈرۈش كېرەك. يېڭى تېخنىكا كەشىپ قىلىش، يېڭى مەھسۇلات يارىتىش، يېڭى كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بازار ئېچىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، تېخنىكىنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان كەسپلەرنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن ئەمگەكنى كۆپ تەلەپ قىلىدىغان كەسپلەرنى راۋاجلاندۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈش لازىم. ئۈچىنچى كەسىپنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا ئىلھام بېرىش ۋە يول كۆرسىتىش كېرەك.

رايونلار ئىقتىسادىنىڭ ئەقىلغە مۇۋاپىق جايلىشىشى ۋە تەڭكەش راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. شەرقىي رايونلار پايدىلىق شارائىتىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش داۋامىدا تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشى، شارائىتى يار بېرىدىغان جايلار باش بولۇپ

زامانىۋىلىشىشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك. ئوتتۇرا، غەربىي رايونلار ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشكنى ئېچىۋېتىش قەدىمىنى ۋە تەرەققىياتىنى تېزلىتىشى، بايلىق ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇشى، ئۈستۈنلۈكتە تۇرىدىغان كەسپلەرنى راۋاجلاندۇرۇشى لازىم. دۆلەت ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا مەدەت بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاساسىي مۇئەسسەسە تۈرلىرى ۋە بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش تۈرلىرىنى ئاۋۋال ئورۇنلاشتۇرۇشى، مالىيەدىن يۆتكەپ چىقىم قىلىشنىڭ قېلىپلاشقان تۈزۈمىنى پەيدىنپەي يولغا قويۇشى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنى ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارغا مەبلەغ سېلىشقا رىغبەتلەندۇرۇشى كېرەك. شەرقىي رايونلار بىلەن ئوتتۇرا، غەربىي رايونلارنىڭ كۆپ شەكىللىك بىرلەشمىسى ۋە ھەمكارلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش ۋە پائال ياردەم بېرىش كېرەك. كۆپ جەھەتتىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، رايونلار تەرەققىياتىدىكى پەرقنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىش لازىم. ھەرقايسى جايلار ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشى، كونا سانائەت بازىلىرىنى ئۆزگەرتىش قەدىمىنى تېزلىتىشى، مەركىزىي شەھەرلەرنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشى، رايون ھالقىغان ئىقتىسادىي رايونلارنىڭ ۋە نۇقتىلىق كەسىپ زونىلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يول كۆرسىتىشى كېرەك. مەبلەغ سېلىش-مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش، دۆلەتنىڭ كەسىپ سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، «چوڭ ھەم مۇكەممەل قىلىش»، «كىچىك ھەم مۇكەممەل قىلىش» ۋە ئورۇنسىز تەكرار قۇرۇلۇش قىلىش مەسىلىلىرىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش لازىم.

(6) دۆلەتنى پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسى ۋە سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش. پەن-تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىدۇر. پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى—ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ھەل قىلغۇچ ئامىلى. كەلگۈسىدىكى پەن-تېخنىكا، بولۇپمۇ يۇقىرى تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىگە، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىغا ۋە خەلق تۇرمۇشىغا كۆرسىتىدىغان غايەت زور تەسىرىنى تولۇق مۆلچەرلەپ، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىنى تېزلىتىشنى ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاچقۇچلۇق ئورنىغا قويۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ھەقىقىي رەۋىشتە پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىش ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش يولىغا يۆتكەش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزاق كەلگۈسى تەرەققىيات ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىلىم-پەننى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئوتتۇرا، ئۇزاق مۇددەتلىك ئومۇمىي پىلانىنى تۈزۈپ، ئومۇمىيەتنى بىرتۇتاش كۆزىتىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بەزى ئىشلارغا تۇتۇش قىلىش، بەزى ئىشلارغا تۇتۇش قىلماسلىق، ئاساس خاراكتېرلىك تەتقىقات ۋە يۇقىرى تېخنىكا تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش، يۇقىرى تېخنىكىنىڭ كەسپلىشىشىنى تېزلىتىش لازىم. ئەمەلىي تېخنىكىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پەن-تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، كۈچنى ئىقتىسادىي-ئىجتىمائىي

تەرەققىياتتىكى چوڭ ۋە ئاچقۇچلۇق تېخنىكا مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا قارىتىش كېرەك. ئىلغار تېخنىكىنى نۇقتىلىق، نىشانلىق قوبۇل قىلىش، ئۆز ئالدىمىزغا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىمىزنى كۈچەيتىش لازىم. دۆلىتىمىز -- تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت، شۇڭا، ئەڭ يېڭى تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن پايدىلىنىشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، تېخنىكا تەرەققىياتىنى باسقۇچ ھالقىتىش كېرەك.

پەن-تېخنىكا تۈزۈلمىسى ۋە مائارىپ تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپنىڭ ئىقتىساد بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. بازارنىڭ ۋە ئىجتىمائىي تەلەپنىڭ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا يول كۆرسىتىش ۋە تۈرتكە بولۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىلمىي تەتقىقات، كەشپىيات ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش بىلەن شۇغۇللىنىشىغا مەدەتكار بولۇپ ۋە ئىلھام بېرىپ، كارخانىلارنى ئىلمىي تەتقىقات، كەشپىيات ۋە سىناق سۈبىيېكتىغا ئايلاندۇرۇش لازىم. شارائىتى يار بېرىدىغان ئىلمىي تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ۋە ئالىي مەكتەپ-ئالىي تېخنىكوملار، تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن كارخانىلارغا كىرىشى ياكى كارخانىلار بىلەن ھەمكارلىششى، ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقاتنى بىرلەشتۈرۈش يولىغا مېڭىشى، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ تۈزۈلمىسىدە ساقلىنىۋاتقان سىستېما بىلەن رايونلار بۆلۈپ تاشلىنىش، كۈچ چېچىلىپ كېتىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى كېرەك. يېڭىلىق يارىتىشقا، رىقابەتلىشىشكە ۋە ھەمكارلىششقا ئىلھام بېرىش لازىم. ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك. ئىختىساسلىق خادىملار پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى بىلەن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئەڭ مۇھىم بايلىقىدۇر، ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە ئىشقا قويۇشقا پايدىلىق بولغان پۈتۈن بىر يۈرۈش رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش لازىم. مەملىكەت سىرتىدىن ئەقلىي كۈچلەرنى پائال جەلپ قىلىش كېرەك. چەت ئەلدە ئوقۇغان خادىملارنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ ئىشلىشىگە ياكى مۇۋاپىق شەكىل بىلەن ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىغا ئىلھام بېرىش لازىم.

دۆلىتىمىز — ئاھالىسى كۆپ، بايلىقى نىسپىي ئاز دۆلەت، شۇڭا، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش شەرت. پىلانلىق تۇغۇت ۋە مۇھىت ئاسراشتىن ئىبارەت تۈپ دۆلەت سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن نوپۇسنىڭ، بايلىقنىڭ ۋە مۇھىتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. بايلىق مەنبەسىنى ئېچىش ۋە بايلىق تېجەشنى تەڭ تۇتۇش، تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، بايلىقتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم. دۆلەت زېمىنىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنى تۈزەشنى بىر تۇتاش پىلانلاپ، يەر، سۇ، ئورمان، كان مەھسۇلاتى، دېڭىز-ئوكيان قاتارلىق بايلىقنى باشقۇرۇش ۋە قوغداشقا دائىر قانۇنلارنى قاتتىق ئىجرا قىلىش كېرەك. بايلىقنى ھەقلىق ئىشلىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لازىم. مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنى تىزگىنلەشنى كۈچەيتىش، كۆچەت تىكىش، ئوت-چۆپ تېرىش، سۇ، تۇپراقنى ساقلاشنى ئوبدان تۇتۇش، چۆللىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ياخشىلاش كېرەك. نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش، ئاھالە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، ئاھالە ئىچىدە

قېرىلار كۆپىيىپ كېتىش مەسىلىسىگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

(7) ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش. ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش—دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۈپ سىياسىتى. ئىقتىساد، پەن-تېخنىكىنىڭ يەر شارى بويىچە ئومۇملىشىش يۈزلىنىشى ئالدىدا، بىز تېخىمۇ ئاكتىپلىق بىلەن دۇنياغا يۈزلىنىپ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ ھەر تەرەپلىك، كۆپ قاتلاملىق، كەڭ ساھەلىك قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز، ئوچۇق تىپلىك ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز، خەلقئارا رىقابەت ئىقتىدارىمىزنى كۈچەيتىشىمىز، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ سەرخىللىشىشى ۋە خەلق ئىگىلىكى سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشنى مەركەز قىلىپ، تاۋار ۋە مۇلازىمەتچىلىك تاشقى سودىسىنى تىرىشىپ كېڭەيتىپ، ئىمپورت-ئېكسپورت قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش لازىم. سۈپەت ئارقىلىق غەلىبە قىلىش ۋە بازارنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش ئىستراتېگىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقئارا بازارنى پائال ئېچىش كېرەك. تاموژنا بېجىنىڭ ئومۇمىي سەۋىيىسىنى تېخىمۇ تۆۋەنلىتىش، ئىلغار تېخنىكا ۋە ئاچقۇچلۇق ئۈسكۈنىلەرنى سىرتتىن كىرگۈزۈشكە ئىلھام بېرىش لازىم. تاشقى ئىقتىساد-سودا تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ۋاكالەتچىلىك تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، كارخانىلارنىڭ تاشقى سودا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىنى چوڭايتىش، باراۋەرلىك ئاساسىدا رىقابەتلىشىشنىڭ سىياسەت مۇھىتىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. رايونلار ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىغا ۋە يەر شارى خاراكتېرلىك كۆپ تەرەپلىك سودا سىستېمىسىغا پائال قاتنىشىش لازىم.

تاشقى مەبلەغدىن ئاكتىپلىق بىلەن مۇۋاپىق ۋە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش كېرەك. مۇلازىمەتچىلىكتە ئىشىكنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىلىشىنى قەدەممۇقەدەم ئالغا سۈرۈش لازىم. چەتئەلنىڭ سودىگەرلىرى مەبلەغ سالغان كارخانىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قانۇن بويىچە قوغداش، ئۇلارغا ئۆز پۇقرالىرىمىز قاتارىدا مۇئامىلە قىلىش يولىنى تۇتۇش، يېتەكچىلىك-نازارەتچىلىك-باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. مەملىكىتىمىزنىڭ جارى قىلدۇرۇشقا ئىمكانىيەت يار بېرىدىغان سېلىشتۇرما ئۈستۈنلۈكى بويىچە سىرتقا مەبلەغ سېلىشقا ئىلھام بېرىش لازىم. ئىچكى بازار بىلەن تاشقى بازاردىن ئىبارەت ئىككى بازاردىن، ئىچكى بايلىق بىلەن تاشقى بايلىقتىن ئىبارەت ئىككى خىل بايلىقتىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىش كېرەك. چەتكە چىقىشلىق ئىقتىساد-سودىغا دائىر قانۇن-نىزاملارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە يولغا قويۇش لازىم. ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش بىلەن مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي بىخەتەرلىكىنى قوغداش كېرەك.

ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايونلارنى، شاڭخەي پۇدۇڭ يېڭى رايونىنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇش لازىم. بۇ رايونلارنىڭ تۈزۈلمىنى يېڭىلاش، كەسىپنى يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈش، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىش قاتارلىق جەھەتلەردە داۋاملىق ئالدىدا مېڭىپ، پۈتۈن مەملىكەتكە ئۈلگە كۆرسىتىش، تەسىر كۆرسىتىش، تۈرتكە بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا ئىلھام بېرىش كېرەك.

(8) خەلق تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاش. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش— ئىسلاھات–ئېچىۋېتىش ۋە ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تۈپ مەقسىتى. ئىقتىساد راۋاجلانغان ئاساستا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ھاللىق تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈش ھەمدە پەيدىنپەي تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىنى نىشانلاپ ئىلگىرىلىتىش لازىم. شەھەر–يېزا ئاھالىلىرىنىڭ ئەمەلىي كىرىمىنى ئىزچىل كۆپەيتىش، ئىستېمال ساھەسىنى كېڭەيتىش، ئەقىلگە مۇۋاپىق ئىستېمالغا يول كۆرسىتىش كېرەك. ماددىي تۇرمۇشنى ياخشىلاش بىلەن بىللە، مەنىۋى تۇرمۇش مەزمۇنىنى تولۇقلاش، تۇرمۇش مۇھىتىنى گۈزەللەشتۈرۈش، تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم. تۇرالغۇ جاي، تازىلىق، قاتناش ۋە ئالاقە شارائىتىنى ئالاھىدە ياخشىلاش، مۇلازىمەت خاراكتېرلىك ئىستېمال دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېرەك. جامائەت مۇئەسسەسەلىرى ۋە ئىجتىمائىي پاراۋانلىق مۇئەسسەسەلىرىنى تەدرىجىي كۆپەيتىش لازىم. مائارىپ ۋە داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. قىيىنچىلىقتا قالغان شەھەر–بازار ئاھالىلىرىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش سىياستىنى يولغا قويۇش لازىم. دۆلەت كۆپ جەھەتتىن تەدبىر قوللىنىپ، نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئاتاكا قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا يېزىلاردىكى نامرات ئاھالىلەرنىڭ پۈتۈن كىيىنىش، قورساق تويغۇزۇش مەسىلىسىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىدۇ.

يولداشلار! بىز ئوتتۇرىغا قويغان ئىقتىسادىي ئىسلاھات بىلەن تەرەققىياتنىڭ نىشانى ۋە ۋەزىپىسى خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، بۇ نىشان ۋە ۋەزىپىنى خەلقنىڭ ئاكتىپلىقىغا ۋە ئىجادكارلىق روھىغا، خەلقنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشىغا تايىنىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك. بىز توغرا سىياسەتتە چىڭ تۇرۇپ، ھەر جەھەتتىكى ئاكتىپلىقنى ياخشى تەرەپكە يېتەكلەيدىغان، ياخشى ئاسرايدىغان، ياخشى جارى قىلدۇرىدىغانلا بولساق، دۆلىتىمىزدە چوقۇم سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بەرپا قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

## 6. سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە دېموكراتىيە–قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى

دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتى بىزدىن تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇپ، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يولىنى تۇتۇپ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنى راۋاجلاندۇرۇش—پارتىيىمىزنىڭ باشتىن–ئاخىر ئېغىشماي كەلگەن كۈرەش نىشانى. دېموكراتىيە بولمىسا، سوتسىيالىزم بولمايدۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش

بولمايدۇ. خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشى—سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ماھىيىتى. دۆلەتنىڭ بارلىق ھاكىمىيىتى خەلققە مەنسۇپ. ئېلىمىزدە يولغا قويۇلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورلىقىدىكى دۆلەت تۈزۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئاساسىدىكى سىياسىي تۈزۈم—خەلقنىڭ كۆرەش مېۋىسى ۋە تارىخ تاللىغان تۈزۈم. غەربنىڭ سىياسىي تۈزۈم ئەندىزىسىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كەلمەي، مۇشۇ تۈپ سىياسىي تۈزۈمنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش شەرت، بۇ پارتىيە رەھبەرلىكىدە ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇشتا، خەلق دېموكراتىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە.

دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇشنى قانۇنچىلىقنى ساغلاملاشتۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يولىنى تۇتۇش كېرەك. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش دېگىنىمىز كەڭ خەلق ئاممىسى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمە بويىچە، تۈرلۈك يوللار ۋە شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، ئىقتىسادىي ئىشلارنى ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرىدۇ، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ تۈزۈملىشىشىنى، قانۇن ئىزىغا سېلىنىشىنى پەيدىنپەي ئىشقا ئاشۇرىدۇ، بۇنداق تۈزۈم ۋە قانۇننى رەھبەرلەرنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان، رەھبەرلەرنىڭ كۆزقارىشى ۋە دىققەت-ئېتىبارىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگەرمەيدىغان قىلىدۇ دېگەن سۆز. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش—پارتىيىنىڭ خەلقنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان تۈپ ئومۇمىي تەدبىرى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم بەلگىسى، دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىنىڭ مۇھىم كاپالىتى. پارتىيە خەلقنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى تۈزۈشكە رەھبەرلىك قىلىدۇ ھەمدە ئۆز پائالىيىتىنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە ئېلىپ بارىدۇ. دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، خەلق دېموكراتىيىسىنى جارى قىلدۇرۇش، قەتئىي قانۇن بويىچە ئىش قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، تۈزۈم ۋە قانۇن جەھەتتىن پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن ۋە ئاساسىي فاڭجېنلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، پارتىيىنىڭ ئومۇمىيەتنى ئىزگىنلەپ تۇرىدىغان، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرىدىغان رەھبەرلىك يادروسىغا خاس رولىنى باشتىن-ئاخىر جارى قىلدۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇش، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەۋزەللىكىنى ساقلاش ۋە جارى قىلدۇرۇش، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، خەلق ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشىنى ئىلگىرى

سوْرۇش ئۇچۇن پايدىلىق بولۇشى شەرت. سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك ئاساسىي ۋەزىپىسى: دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇش، قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش يولىنى تۇتۇش، ئاپپاراتنى ئىخچاملاش، دېموكراتىك نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، تىنچ-ئىتتىپاقلىقنى ئوغداش.

(1) دېموكراتىيە تۈزۈمىنى ساغلاملاشتۇرۇش. كومپارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشى دېگىنىمىز خەلق-نىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولدا تۇتۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە مەدەت بېرىش، دېموكراتىك سايلام ئۆتكۈزۈش، دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر بەلگىلەش، دېموكراتىك باشقۇرۇش ۋە دېموكراتىك نازارەت-چىلىك قىلىش يولىنى تۇتۇپ، خەلقنىڭ قانۇن بويىچە كەڭ ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە كاپالەتلىك قىلىش دېگەن سۆز. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، تۈزۈم بولۇپمۇ نېگىزلىك، ئومۇمىيلىق، تۇراقلىق ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك خاراكتېر ئالغان بولىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنىغا خاس فۇنكسىيىسىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش، قانۇن چىقىرىش ۋە نازارەتچىلىك قىلىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، خەلق ۋەكىللىرىنىڭ خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇرۇش لازىم. ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ چوڭ تەدبىرلىرىنى بەلگىلەشنى قانۇن چىقىرىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش كېرەك. خەلقنىڭ ئەھۋالىنى چوڭقۇر چۈشىنىشكە ئىمكان بېرىدىغان، خەلقنىڭ رايىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرىدىغان، خەلقنىڭ ئەقىل-پاراستىنى كەڭ مەركەزلەشتۈرىدىغان تەدبىر بەلگىلەش مېخانىزمىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈش، تەدبىر بەلگىلەشنىڭ ئىلمىيلىشىشى، دېموكراتىيىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەدبىر بەلگىلەش سەۋىيىسى ۋە خىزمەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم. كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي مەسلىھەت ئېلىپ بېرىش تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. «ئۇزاق مۇددەت بىللە تۇرۇش، ئۆزئارا نازارەت قىلىش، بىر-بىرىدىن سىر ساقلىماسلىق، باشقا كەلگەننى تەڭ كۆرۈش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار بىلەن ھەمكارلىشىپ بىللە ئىشلەشنى كۈچەيتىش، پارتىيىمىزنىڭ كومپارتىيە سىرتىدىكى زاتلار بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش لازىم. خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ سىياسىي مەسلىھەت ئېلىپ بېرىش، دېموكراتىك نازارەتچىلىك قىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش-دۆ-لەت ئىشلىرى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشنى قېلىپلاشتۇرۇشى، تۈزۈملەشتۈرۈشكە داۋاملىق تۈرتكە بولۇپ، ئۇنى پارتىيىنىڭ ھەرقايسى ساھەدىكىلەرنى ئىتتىپاقلاشتۇرىدىغان مۇھىم يولىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك. كەڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، مىللەتلەر خىزمىتىنى ھەقىقىي كۈچەيتىش، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاسا-

سىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە تەرەققىي تېپىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پارتىيىنىڭ دىنىي سىياستى ۋە مۇھاجىر ئىشلىرى سىياستىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم. ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلار دۆلەت ئىشلىرى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇش داۋامىدا دېموكراتىك يول بىلەن ئىشتىراك قىلىش ۋە دېموكراتىك نازارەتچىلىك قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن مۇناسىۋەت باغلايدىغان كۆۋرۈك ۋە ۋاستە بولۇشى كېرەك.

ئاساسىي قاتلام دېموكراتىيىسىنى كېڭەيتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى بىۋاستە يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئىشىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، ئۆزىگە بەختلىك تۇرمۇش يارىتىشىغا كاپالەتلىك قىلىش—سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىگە خاس ئەڭ كەڭ ئەمەلىيەت. شەھەر-يېزىلاردىكى ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەت ئورگانلىرىمۇ، ئاممىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدىغان ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىمۇ دېموكرا- تىك سايلام تۈزۈمىنى ساغلاملاشتۇرۇشى، سىياسىي ئىشلار ۋە مالىيە ئىشلىرىنى ئاشكارا تۇتۇش يولىغا مېڭىشى، ئاممىنى ئاساسىي قاتلامنىڭ جامائەت ئىشلىرى ۋە جامائەت پاراۋانلىق ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش ۋە قارارىدىن ئۆتكۈزۈشكە بىۋاستە قاتناشتۇرۇشى، كادىرلار ئۈستىدىن دېموكراتىك نازارەتچىلىك قىلىش يولىنى تۇتۇشى لازىم. كارخانىنى ۋە كەسپىي ئىشنى دېموكراتىك باشقۇرۇشنىڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنى ئاساسىي شەكىل قىلغان تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىسلا- ھات ۋە باشقۇرۇش ئىشلىرىغا قاتنىشىشىغا تەشكىلاتچىلىق قىلىش، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ قانۇنىي ھو- قۇق-مەنپەئىتىنى قوغداش كېرەك. دېموكراتىيىنى بېسىش، بۇيرۇقچىلىق قىلىشقا ئوخشاش خاتا قىلمىشلارنى قەتئىي تۈزىتىش لازىم.

(2) قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش. ئاساسلىنىدىغان قانۇن تۈزۈش، تۈزۈلگەن قانۇنغا چوقۇم ئەمەل قىلىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش—پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر تەلپى. قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش، قانۇن چىقىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، 2010-يىلى جۇڭگوچە سوتسىيا- لىستىك قانۇن سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ئاساسىي قانۇننىڭ ۋە قانۇنلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باباراۋەر بولۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىم، ھەرقانداق ئادەمدىمۇ، ھەرقانداق تەشكىلاتتىمۇ قانۇن سىرتىدا تۇرىدىغان ئىمتىياز يوق. بارلىق ھۆكۈمەت ئورگانلىرى مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە ئېلىپ بېرىشى، پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىشى، قانۇننى ئىجرا قىلىش بويىچە مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە باھالاش-سىناش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشى شەرت. ئەدلىيە ئىسلاھاتىنى ئالغا سۈرۈش، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ سوت ھوقۇقى ۋە تەپتىش ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە مۇستەقىل، ئادىل يۈرگۈزۈشكە تۈزۈم جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىش، ناھەق ئەنزە، خاتا ئەنزە تۇغدۇرغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى

سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىش كېرەك. قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلار قوشۇنى ۋە ئەدلىيە قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش، ئومۇمىي خەلقنىڭ قانۇن ئېڭىنى كۈچەيتىش، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇنچىلىق قارىشىنى ۋە قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ئىقتىدارىنى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈش كېرەك. قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تەڭ قەدەمدە ئالغا سىلجىتىش لازىم.

(3) ئاپپارات ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىش. ئاپپارات چوڭىيىپ كېتىش، خادىم كۆپىيىپ كېتىش، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانا ئايرىلماسلىق، بيۇروكراتلىق ئېغىرلىشىپ كېتىش مەسىلىسى ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشىغا بىۋاستە توسالغۇ بولماقتا، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزمەكتە. بۇ مەسىلىنى تەخىرسىز ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ھەر تەرەپلىمە مۇھاكىمە قىلىپ، مەخسۇس كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ، لايىھە ئىشلەشنى چىڭ تۇتۇپ، بۇ مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىنى پائال ئالغا سىلجىتىش كېرەك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپى بويىچە، ھۆكۈمەتنىڭ فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش يولىنى تۇتۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ھەقىقىي رەۋىشتە كارخانىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش لازىم؛ ئاپپارات ئىسلاھاتىنى ئىخچام قىلىش، بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئۈنۈملۈك بولۇش پرىنسىپى بويىچە ئېلىپ بېرىش، ئىش بېجىرىش ئۈنۈمى يۇقىرى، ئىشلىشى تەڭكەش بولغان، ھەرىكىتى قېلىپلاشقان مەمۇرىي باشقۇرۇش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ ئۇنىۋېرسال ئىقتىسادىي تارماقلارنى ئۆزگەرتىپ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش تارماقلىرىغا ئايلاندۇرۇش، كەسپىي ئىقتىسادىي تارماقلارنى تەڭشەش ۋە ئازايتىش، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچىلارنى نازارەت قىلىش-باشقۇرۇش تارماقلىرىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي ۋاستىچى تەشكىلاتلارنى يېتىلدۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. مەمۇرىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ تەشكىلات، فۇنكسىيە، شتات، خىزمەت تەرتىپىنىڭ قانۇندا بەلگىلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاپپاراتلارنىڭ چوڭىيىپ كېتىشىنى قاتتىق تىزگىنلەش، ئارتۇق خادىملارنى قەتئىي قىسقارتىش كېرەك. كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، رىقابەت-رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى تەتبىق قىلىپ، دۆلەت خىزمەتچىلىرى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ سۈپىتى يۇقىرى بولغان، مەخسۇسلاشقان مەمۇرىي باشقۇرۇش كادىرلىرى قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش لازىم.

(4) دېموكراتىك نازارەتچىلىك تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. بىزنىڭ ھوقۇقىمىزنى خەلق بەرگەن، كادىرلارنىڭ ھەممىسى—خەلقنىڭ خىزمەتكارى، ئۇلار خەلقنىڭ ۋە قانۇننىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى شەرت. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، نازارەتچىلىككە دائىر قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ھوقۇقنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشنىڭ چەكلەش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ۋە ساغلاملاشتۇرۇش كېرەك. ئادىللىق، ئىللالىق، ئاشكارىلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە بىۋاستە بېرىپ تاقىلىدىغان

تارماقلاردا ئاشكارا ئىش بېجىرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش لازىم. پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىك، قانۇنىي نازارەتچىلىك ۋە ئاممىۋى نازارەتچىلىكنى بىرلەشتۈرۈش، جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئاساسىي قانۇننىڭ ۋە قانۇنلارنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش، دۆلەت قانۇنچىلىقىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى قوغداش لازىم. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش، ھۆكۈمەت پەرمانلىرىنىڭ توسالغۇسىز ئۆتۈشىنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ئۈستىدىن قىلىنىدىغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش، ھوقۇقتىن قالايمىقان پايدىلىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىپ تۇرۇپ قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى، پارا يەپ قانۇننى بۇزغانلارنى قاتتىق جازالاش لازىم.

(5) تىنچ-ئىتتىپاقلىقنى قوغداش. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنىڭ ئەڭشىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتىكى تۈرلۈك زىددىيەتلەردە بىرمۇنچە يېڭى ئەھۋال ۋە يېڭى ئۆزگىرىش بارلىققا كەلدى، بۇنىڭدىن ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە بېرىپ تاقىلىدىغان بەزى زىددىيەتلەر گەۋدىلىنىپرەك قالدى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ۋە ھۆكۈمەتلەر خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىدا ۋە خىزمەتتە تۇغۇلغان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل مەسئۇل بولۇپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ھەل قىلىشى كېرەك. خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە مۇئامىلە قىلىشتا، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ئوبدان ئىشلەپ، ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللارنى پەرقلەندۈرۈپ، ئىقتىسادىي ۋاستە، مەمۇرىي ۋاستە، قانۇنىي ۋاستە ۋە باشقا ۋاستىلەرنى توغرا ئىشقا سېلىپ بىرتەرەپ قىلىش يولىنى تۇتۇپ، زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم.

جەمئىيەت ئامانلىقىنى ياخشىلاش — خەلق ئاممىسىنىڭ ھايات-مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ۋە ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىققا بېرىپ تاقىلىدىغان چوڭ ئىش. سىياسىي-قانۇن خىزمىتىنى كۈچەيتىش، تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلەرگە قانۇن بويىچە قاتتىق زەربە بېرىش، شەھۋانىيلىق، قىمارۋازلىق، زەھەرلىك چېكىملىك قاتارلىق ئىجتىمائىي رەزىللىكلەرنى قەتئىي تازىلاش كېرەك. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ئوڭشاش ئىشىنى كۈچەيتىش، زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش، ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش، تەربىيە ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ ئوبدان مۇھىتىنى يارىتىش لازىم.

سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنى بەرپا قىلىش — تەدرىجىي تەرەققىي قىلىدىغان تارىخىي جەريان، بۇنى دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئاساس قىلىپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە قەدەممۇقەدەم، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىشقا توغرا كېلىدۇ. سوتسىيالىزم قانچە راۋاجلانسا، دېموكراتىيىمۇ شۇنچە راۋاجلىنىدۇ. بىز ئەمەلىيەت داۋامىدا بۇنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسەتنىڭ

راۋاجلىنىشىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، 21-ئەسىردە ئۇنىڭ تېخىمۇ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلىشىمىز كېرەك.

## 7. جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت، ئاساسىي مەزمۇنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان-ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، بىز ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن بىر گەپ. مەدەنىيەت ئىقتىساد، سىياسەتكە قارىتىپ ئېيتىلغان. مەنىۋى مەدەنىيەت ماددىي مەدەنىيەتكە قارىتىپ ئېيتىلغان. ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەتنى تەڭكەش تەرەققىي قىلدۇرغاندىلا، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بارغاندىلا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمغا خاس ئىش قىلغانلىق بولىدۇ.

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتا گۈللەنگەن ئىقتىساد بارلىققا كېلىشى كېرەك، گۈللەنگەن مەدەنىيەتمۇ بارلىققا كېلىشى كېرەك. دۆلىتىمىزدە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى تولىراق پۇقرالار سۈپىتىنىڭ ئۆسۈشىگە ۋە ئىختىساسلىق خادىملار بايلىقى مەنبەسىنىڭ ئېچىلىشىغا باغلىق. پەن-تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تېز تەرەققىياتى ۋە ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەتتىكى كەسكىن رىقابەت ئالدىدا، دۇنيا مىقياسىدىكى خىلمۇخىل ئىدىيە-مەدەنىيەتنىڭ بىر-بىرىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ئالدىدا، ھاللىق جەمئىيەتكە خاس بولغان، خەلق ئاممىسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان مەدەنىي ئېھتىياجى ئالدىدا، پۈتۈن پارتىيە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىملىقى ۋە جىددىيلىكىنى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى روناق تاپقۇزۇش-تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مىللەتنى گۈللەندۈرۈش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، تولۇق تونۇپ يېتىشى شەرت.

جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت—پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئۇيۇشتۇرىدىغان ۋە رىغبەتلەندۈرىدىغان مۇھىم كۈچ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنىڭ مۇھىم بەلگىسى. ئۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ 5000 يىللىق مەدەنىيەت تارىخىنى مەنبە قىلغان، ھەم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئەمەلىيىتىدە يىلتىز تارتقان بولۇپ، روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە؛ ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادى ۋە سىياسىتىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، ھەم ئىقتىساد ۋە سىياسەتنىڭ تەرەققىياتىدا غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا، پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىدىيىۋى-ئەخلاقىي سۈپىتى ۋە پەن-مەدەنىيەت سۈپىتىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىشىنى كۈچلۈك مەنىۋى تۈرتكىگە ۋە ئەقلىي مەدەتكە ئىگە قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ تەلىپىگە لايىقلاشقان غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك ۋە ئىنتىزاملىق پۇقرالارنى ئەۋلادمۇئەۋلاد يېتىشتۈرۈش شەرت. بۇ—دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ھەم مۇشكۈل ۋەزىپە.

پۈتكۈل جەمئىيەت بويىچە ئورتاق غايە ۋە مەنىۋى تۈۋرۈك شەكىللەندۈرۈش—جۇڭگوچە سوتسىيالىس-

تىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ ئاساسى. كادىرلارنى ۋە ئاممىنى باشتىن-ئاخىر ئېغىشماي دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن تەربىيىلەش كېرەك. خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى يادرو قىلغان، كوللېكتىپچىلىقنى پرىنسىپ قىلغان سوتسىيالىستىك ئەخلاق تەربىيىسىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش، دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق تەربىيىسى ۋە ئىنتىزام تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، كىشىلەرنى توغرا دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قاراش، قىممەت قاراشنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەش لازىم. ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق، سوتسىيالىستىك روھنى ۋە جاپاغا چىداپ ئىشلەپ ئىگىلىك تىكلەش روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇش كېرەك. كوممۇنىستىك ئىدىيە-ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، ئىلغارلىق تەلپى بىلەن كەڭلىك تەلپىنى بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا، ئىجتىمائىي يۈكسىلىشكە پايدىلىق بولغان بارلىق ئىدىيە-ئەخلاققا ئىلھام بېرىش كېرەك. سوتسىيالىستىك ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەر—ۋەتەننىڭ كېلەچىكى، مىللەتنىڭ ئۈمىدى، ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىدىيىۋى-ئەخلاقىي قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.

مائارىپ ۋە ئىلىم-پەننى راۋاجلاندۇرۇش—مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئۇللۇق ئىش. زامانىۋىلاشتۇرۇش تەلپىگە لايىقلاشقان يۈز مىليونلىغان يۇقىرى سۈپەتلىك ئەمگەكچىلەرنى ۋە ئون مىليونلىغان ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش، دۆلىتىمىزنىڭ ئادەم كۈچى بايلىقى جەھەتتىكى غايەت زور ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇش 21-ئەسىردىكى سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىيىتىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. مائارىپنى ھەقىقىي رەۋىشتە ئالۋال راۋاجلاندۇرۇلىدىغان ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويۇش كېرەك. ئوقۇتقۇچىلارغا ھۆرمەت قىلىش، مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىش، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم. ھەر جەھەتتىكى ئاكتىپلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپنى زور كۈچ بىلەن ئومۇملاشتۇرۇش، ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدا ساۋاتسىزلىقنى تۈگىتىش، ھەرخىل شەكىللىك كەسپىي مائارىپنى ۋە چوڭلار مائارىپىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش، ئالىي مائارىپنى پۇختا قەدەم بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. مائارىپ قۇرۇلمىسىنى سەرخىللاشتۇرۇش، ئالىي مائارىپنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش، مائارىپ بايلىقىنى مۇۋاپىق تەقسىملەش، ئوقۇتۇش سۈپىتى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش لازىم. پارتىيىنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي قاتارلىق جەھەتلەردە ئەتراپلىق يېتىلگەن قۇرغۇچىلىرىنى ۋە ئىز باسارلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەك. پەن-تېخنىكا سەۋىيىسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش، پەن-تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، كىشىلەرنى ئىلمىي روھ تۇرغۇزۇشقا، ئىلمىي ئۇسۇلنى ئىگىلەشكە يېتەكلەش، ئىجادىيەت-كەشپىيات يارىتىشقا ئىلھاملاندۇرۇش لازىم. نادانلىقنى تۈگىتىش، فېئودال خۇراپاتلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇش كېرەك. پەلسەپە-ئىجتىمائىي پەنلەرنى پائال راۋاجلاندۇرۇش لازىم، بۇ ماركسىزمنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدە تۇتقان

يېتەكچى ئورنىدا چىڭ تۇرۇشتا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، دۇنيانى بىلىش، دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئەدەبىيات-سەنئەت، ئاخباراتچىلىق-نەشرىياتچىلىق، رادىئو-كىنو-تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇش — مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. ئاخبارات تەشۋىقاتىدا پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش، توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنى تۇتۇش كېرەك. ئاخباراتچىلىق-نەشرىياتچىلىق ئۈستىدىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈش لازىم. مەدەنىيەت تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مەدەنىيەتكە دائىر ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەممە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش-ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاساسىي مېلودىيىنى ياڭرىتىپ، كۆپ خىللاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىدىيىۋىلىك بىلەن بەدىئىيلىك بىرلەشتۈرۈلگەن تېخىمۇ كۆپ نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىش لازىم.

ياخشى مەدەنىيەت مۇھىتىنى يارىتىش — جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەتلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم شەرتى. ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش، ئىجتىمائىي ئەخلاق، كەسپىي ئەخلاق ۋە ئائىلىۋى گۈزەل ئەخلاقنى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلىش كېرەك. بىر قولدا گۈللەندۈرۈشنى تۇتۇش، بىر قولدا باشقۇرۇشنى تۇتۇش، مەدەنىيەت بازىرىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. مەدەنىيەتنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىلىم-پەن، تارىخ، مەدەنىيەت مىراسلىرىنى ۋە ئىنقىلابىي يادىكارلىقلارنى قوغداشقا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. سەھىيە-تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى پائال ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ساغلام، مەدەنىي تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تەشەببۇس قىلىش، ئاممىنىڭ مەنىۋى-مەدەنىي تۇرمۇش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم.

ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۆزىمىزنىڭكىنى ئاساس قىلىش، ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، كۆپ خىل شەكىللىك تاشقى مەدەنىيەت ئالاقىسىنى قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنى كەڭ قوبۇل قىلىش، جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى دۇنياغا نامايان قىلىش كېرەك. ھەر خىل چىرىك ئىدىيە ۋە مەدەنىيەتنىڭ چىرىتىشىنى قەتئىي توسۇش لازىم.

زىيالىيلار — ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قىسمى، ئۇلار زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا مۇھىم رول ئوينىماقتا. پارتىيىنىڭ زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادكارلى-

قىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. زىيالىيلار ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىلغار ئىدىيىنى تارقاتقۇچىلاردىن، پەن-تېخنىكىدا يول ئاچقۇچىلاردىن، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق پۇقرالارنى يېتىشتۈرگۈچىلەردىن ۋە ئېسىل مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغۇچىلاردىن بولۇشقا تىرىشىپ، كەڭ ئىشچىلار، دېھقانلار بىلەن بىرلىكتە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى لازىم.

جۇڭگو مەدەنىيىتى شانلىق تارىخقا ئىگە. بىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى داۋامىدا، چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت يارىتىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە تېگىشلىك تۆھپە قوشىمىز.

يولداشلار! ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋەزىپىلەر ۋە مەدەنىيەت ۋەزىپىسى ئۈستىدە توختالغاندىن كېيىن، ئەمدى دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئۈستىدە مەخسۇس توختىلىمەن. دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش—دۆلەت بىخەتەرلىكىنىڭ ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي كاپالىتى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئىدىيىسى—ماۋ زېدۇڭ ھەربىي ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى، ئارمىيىمىز قۇرۇلۇشىنىڭ ۋە دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنىڭ ئىلمىي قىبلىنامىسى. سىياسىي جەھەتتە لاياقەتلىك، ھەربىي جەھەتتە قابىل، ئىستىلى ياخشى، ئىنتىزامى چىڭ، كاپالىتى كۈچلۈك بولۇش ئومۇمىي تەلىپى بويىچە، ئارمىيىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھاتىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئىنقىلابىيلىشىش، زامانىۋىلىشىش، مۇنتىزىملىشىش قۇرۇلۇشىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈش كېرەك. ئارمىيىمىز 70 يىللىق شانلىق مۇساپىدە، ھەرخىل سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ قۇدرەت تېپىشقا مۇۋەپپەق بولدى، بۇنىڭ ئەڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى، ئارمىيىمىز پارتىيىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىگە تاياندى. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ئارمىيە پارتىيىنىڭ مۇتلەق رەھبەرلىكىدە باشتىن-ئاخىر ئېغىشماي چىڭ تۇرۇشى، ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن بىرلىكنى ساقلىشى، بارلىق ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇشى، خەلق ئارمىيىسىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاساسىي مەقسىتىدە چىڭ تۇرۇشى شەرت. ئاكتىپ مۇداپىئە كۆرۈش ئاساسىدىكى ھەربىي ئىستراتېگىيە فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، سۈپەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، قوشۇننى خىل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە يولىدا مېڭىش لازىم. ئارمىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش، ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى زور تىرىشچانلىق بىلەن كۈچەيتىش، ئارمىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش، ئارمىيىنى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئالدىدا ماڭغۇزۇش كېرەك. دۇنيانىڭ ھەربىي ساھەسىدىكى چوڭقۇر ئۆزگىرىشكە يارىشا، تەلىم-تەربىيە ۋە مەشىقنى كۈچەيتىش، زامانىۋى تېخنىكا، بولۇپمۇ يۇقىرى تېخنىكا شارائىتىدا مۇداپىئە ئۇرۇشى قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈش لازىم. 80-يىللاردا ھەربىي

قوشۇندىن بىر مىليون ئادەم قىسقارتىلغان ئاساستا، دۆلىتىمىز بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ يىلدا ھەربىي قوشۇندىن يەنە 500 مىڭ ئادەم قىسقارتىدۇ. ئارمىيىنى پەن-تېخنىكا ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، دۆلەت مۇداپىئە پەن-تېخنىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىش، دۆلەت مۇداپىئە سانائىتىنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە باب كېلىدىغان ھەرىكەت مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، قورال-ياراغلارنى تەدرىجىي يېڭىلاش كېرەك. ئارمىيە دۆلەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىيىتىگە بويسۇنۇشى ۋە خىزمەت قىلىشى، ھەربىي قوشۇننى تىرىشچانلىق-ئىقتىسادچىللىق بىلەن گۈللەندۈرۈشى، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا پائال مەدەت بېرىشى ۋە قاتنىشىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، ھۆكۈمەتلەر ۋە خەلق ئاممىسى دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشى، مەدەت بېرىشى كېرەك. دۆلەت مۇداپىئە تەربىيىسىنى كۈچەيتىش، ئومۇمىي خەلقنىڭ دۆلەت مۇداپىئە قارىشىنى كۈچەيتىش لازىم. ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش-خەلقنى سۆيۈش، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش ۋە ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئېتىبار بېرىش خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇش، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش كېرەك. مىنبىڭ قۇرۇلۇشى ۋە زاپاستىكى ھەربىي قىسىملارنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، دۆلەت مۇداپىئە سەپەرۋەرلىك تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم. جۇڭگو خەلق قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى، دۆلەت خەۋپسىزلىكى قاتارلىق تارماقلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق كۈچەيتىش كېرەك.

## 8. ۋەتەننىڭ تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كېلىشىنى ئالغا سىلجىتىش

ۋەتەننىڭ تولۇق بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش—مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق جۇڭگولۇقنىڭ ئورتاق ئارزۇسى. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئورۇنداشنى ئۆزىنىڭ مۇھىم تارىخىي ۋەزىپىسى قىلدى ھەمدە شۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەت بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. دېڭ شياۋپىڭنىڭ «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» توغرىسىدىكى ئىلمىي تەسەۋۋۇرى ۋەتەننىڭ تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كېلىش جەريانىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولدى.

شياڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى—«بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» تەسەۋۋۇرىنىڭ غايەت زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەنلىكىنىڭ بەلگىسى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئورۇنداش يولىدا مۇھىم بىر قەدەم تاشلىغانلىقىنىڭ بەلگىسى. شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش»، «شياڭگاڭنى

شىاڭگاڭلىقلار ئىدارە قىلىش» ، يۇقىرى ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش فاڭجېنلىرى ھەققىي ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ ۋە ئىجرا قىلىنىپ، گۈللىنىش ۋە مۇقىملىق ۋەزىيىتى ساقلاپ قېلىندى. پاكىتلار شۇنى چوقۇم ئىسپاتلايدۇكى، شىاڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونلۇق ھۆكۈمىتى ۋە شىاڭگاڭلىق قېرىنداشلار چوقۇم شىاڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايوننىڭ نېگىزلىك قانۇنى بويىچە شىاڭگاڭنى تامامەن ياخشى ئىدارە قىلىپ كېتەلەيدۇ.

ئاۋمېن 1999-يىلى ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ—جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يەنە بىر كاتتا ئىشى. ئاۋمېننى-ۋەتەن قوينىغا قايتۇرۇپ كېلىش يولىدىكى تۈرلۈك تەييارلىق خىزمەتلىرى پائال، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلماقتا. ئاۋمېننىڭ سىلىقلىق بىلەن ئۆتۈشى، ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈپ بېرىلىشى-ئۆتكۈزۈۋېلىنىشنى تامامەن ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

«بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» تەسەۋۋۇرى—دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى شۇكى: ۋەتەن بىرلىككە كېلىش شەرتى ئاستىدا، دۆلەتنىڭ ئاساسىي گەۋدە قىسمىدا سوتسىيالىستىك تۈزۈم قەتئىي داۋاملاشتۇرۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، تەيۋەن، شىاڭگاڭ، ئاۋمېنلاردا ئەسلىدىكى كاپىتالىستىك تۈزۈم ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۆزگەرتىلمەي ئۇزاققىچە ساقلاپ قېلىنىدۇ. ھەم ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغدايدىغان پرىنسىپاللىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ھەم تەيۋەن، شىاڭگاڭ، ئاۋمېنلارنىڭ تارىخى ۋە رېئاللىقى تولۇق كۆزدە تۇتۇلۇپ، يۈكسەك جانلىقلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن بۇ تەسەۋۋۇر—ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئاساسىي فاڭجېنى. «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم»نىڭ يولغا قويۇلۇشى ۋەتەننىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن پايدىلىق، دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق.

«ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» ئاساسىي فاڭجېنى ۋە تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ تۈرتكىسى ئاستىدا، دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى تەرىپى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت كۆپ راۋاجلاندى. شىاڭگاڭنىڭ ۋەتەن قوينىغا ئوڭۇشلۇق قايتىپ كېلىشى ھەمدە ئۇزاق مۇددەتلىك ئاۋاتلىقى ۋە مۇقىملىقىنىڭ ساقلاپ قېلىنىشى تەيۋەن مەسىلىسىنىڭ ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن چوقۇم پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. لېكىن، تەيۋەن ئارىلى ئىچىدىكى بۆلۈنۈش خاھىشىنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە بەزى چەت ئەللەردىكى جۇڭگوغا قارشى كۈچلەرنىڭ ئارىلىششى ئاستىدا، ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانى ئېغىر توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى، ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ھەقلىق يوسۇندا تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگو خەلقىنىڭ قەتئىي قارشىلىقىغا ئۇچرىدى.

«ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش، بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» ئاساسىي فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش، بوغۇزنىڭ ئىككى تەرىپى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش

ۋە ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش جەريانىنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى سەككىز تەشەببۇستا چىڭ تۇرۇش كېرەك. جۇڭگو بىر دېگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇش، «تەيۋەننى مۇستەقىل قىلىش»قا قارشى تۇرۇش، «ئىككى جۇڭگو»، «بىر جۇڭگو، بىر تەيۋەن» پەيدا قىلىشقا قارشى تۇرۇش، چەت ئەل كۈچلىرىنىڭ ئارىلىشىشىغا قارشى تۇرۇش لازىم، ھەرقانداق كۈچنىڭ تەيۋەننىڭ جۇڭگونىڭ بىر قىسمى بولۇش ئورنىنى ھەرقانداق يول بىلەن ئۆزگەرتىشكە مۇتلەق يول قويۇلمايدۇ. بىرلىكنى تىنچ يول بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىش كېرەك، لېكىن قورال كۈچى ئىشلىتىشتىن كېچىمىز دەپ ۋەدە بېرەلمەيمىز، بۇ ھەرگىز تەيۋەنلىك قېرىنداشلارغا قارىتىلغان ئەمەس، جۇڭگونىڭ بىرلىككە ئارىلىشىدىغان چەت ئەل كۈچلىرىگە ۋە «تەيۋەننى مۇستەقىل قىلىش»قا ئۇرۇنغۇچىلارغا قارىتىلغان. بوغۇزنىڭ ئىككى تەرىپى ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، بوغۇزنىڭ ئىككى تەرىپى ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە پوچتا ئالاقىسى، قاتناش ئالاقىسى ۋە سودا ئالاقىسىنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى تېزلىتىش، بوغۇزنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى خادىملارنىڭ بېرىش-كېلىش ئالاقىسىنى ۋە پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش ئالاقىسىنى داۋاملىق كۈچەيتىش لازىم. بىز ئۈمىدنى شانلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىگە ئىگە تەيۋەنلىك قېرىنداشلارغا باغلايمىز. «تەيۋەننى مۇستەقىل قىلىش» مەيدانىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرغان ئىنتايىن ئاز سانلىق ئادەملەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تەيۋەندىكى ھەرقايسى پارتىيە-گۇرۇھلارنىڭ ۋە ھەر ساھە زاتلىرىنىڭ بىز بىلەن بوغۇزنىڭ ئىككى تەرىپى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە ۋەتەننى تىنچ يول بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدا پىكىر ئالماشتۇرۇشىنى قارشى ئالىمىز.

بىز شۇنى يەنە بىر قېتىم رەسمىي مۇراجىئەت قىلىمىزكى، بىرىنچى قەدەم سۈپىتىدە، دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكىلەر ئاۋۋال «جۇڭگو بىر دېگەن پرىنسىپ ئاستىدا، بوغۇزنىڭ ئىككى تەرىپى دۈشمەنلىشىش ھالىتىنى رەسمىي ئاياغلاشتۇرۇش» ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ھەمدە كېلىشىم ھاسىل قىلسا بولىدۇ؛ ئاندىن ئىككى تەرەپ شۇ ئاساستا، مەجبۇرىيەتنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىپ، جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغدىشى ھەمدە بوغۇزنىڭ ئىككى تەرىپىدىكىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدە ئومۇمىي پىلان تۈزۈشى كېرەك. تەيۋەن دائىرىلىرىنىڭ بىز ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ ۋە تەشەببۇسلارغا ئەستايىدىل جاۋاب بېرىپ، بىز بىلەن بالدۇرراق سىياسىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز. جۇڭگو بىر دېگەن ئالدىنقى شەرت ئاستىدا، ھەرقانداق مەسىلە توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزۈلسە بولىدۇ. پىكىر ۋە تەكلىپلەر ۋەتەننىڭ بىرلىككە پايدىلىق بولسىلا، ئوتتۇرىغا قويۇلسا بولىدۇ. ۋەتەننىڭ بىرلىكى مەسىلىسىنى بوغۇزنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى جۇڭگولۇقلار ئۆزى ھەل قىلىشى لازىم.

تەيۋەننىڭ ئىستىقبالى ۋەتەننىڭ بىرلىككە باغلانغان، بۆلۈنۈشتىن مۇتلەق نىجاتلىق تاپقىلى بولمايدۇ. بىز تەيۋەن مەسىلىسىنى ئاخىر ھەل قىلىدىغان قەتئىي ئىرادە ۋە ئىقتىدارغا تامامەن ئىگىمىز. دېڭىز بوغۇزىنىڭ

ئىككى تەرىپىدىكى بارلىق جۇڭگولۇقلار ۋە جۇڭخۇا پەرزەنتلىرى ۋەتەننىڭ تولۇق بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ھەرقانچە كۆپ جاپا-مۇشەققەت ۋە خەتەرلىك توسۇق بولۇشىغا قارىماي، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، قول تۇتۇشۇپ بىرلىكتە ئالغا ئىلگىرىلىسە، ۋەتەننىڭ تولۇق بىرلىكى ۋە مىللەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك گۈللىنىشىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

## 9. خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە تاشقى سىياسەت

ھازىر، خەلقئارا ۋەزىيەت ئومۇمەن داۋاملىق پەسىيىشكە يۈزلەنمەكتە. تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات بۈگۈنكى دەۋرنىڭ تېمىسى بولۇپ قالدى. كۆپ قۇتۇپلىشىش يۈزلىنىشى پۈتۈن يەر شارى مىقياسىدا ياكى رايونلار دائىرىسىدە، سىياسىي، ئىقتىسادىي ساھە قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەممىسىدە تېخىمۇ ئەۋج ئالدى. دۇنيادىكى ھەرخىل كۈچلەر يېڭىدىن بۆلۈنۈش ۋە بىرىكىش ئەھۋالى بارلىققا كەلدى. چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت زور ھەم چوڭقۇر تەڭشىلىشنى باشتىن كەچۈرمەكتە. ھەرخىل رايون خاراكتېر-لىك، قىتئە خاراكتېرلىك ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرى مىسلىسىز جانلانماقتا. تەرەققىي قىلىۋاتقان كەڭ دۆلەتلەر-نىڭ ئومۇمىي ئەمەلىي كۈچى ئاشماقتا. كۆپ قۇتۇپلىشىش يۈزلىنىشىنىڭ ئەۋج ئېلىشى دۇنيانىڭ تىنچلىقىغا، مۇقىملىقىغا ۋە گۈللىنىشىگە پايدىلىق. ھەرقايسى ئەللەر خەلقىنىڭ بىر-بىرىگە باراۋەرلىك ئاساسىدا مۇئامىلە قىلىش، دوستانە بىللە ئۆتۈشنى تەلەپ قىلىش ساداسى كۈندىن-كۈنگە كۈچەيمەكتە. تىنچلىقنى قوغلا كەلتۈرۈش، ھەمكارلىققا ئىنتىلىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش دەۋرنىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولۇپ قالدى. دۇنيا تىنچلىقنى قوغداش ئاملى ئۈزلۈكسىز كۆپەيمەكتە. خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە، يېڭى دۇنيا ئۇرۇشىدىن ساقلىنىشقا ئىمكانىيەت يار بېرىدۇ. ياخشى خەلقئارا تىنچ مۇھىتنىڭ ۋە ياخشى ئەتراپ مۇھىتنىڭ قولغا كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

لېكىن سوغاق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىغا خاس تەپەككۇر ھېلىھەم مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا، زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياستى ھازىرمۇ دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە مۇقىملىقىغا تەھدىت سالىدىغان ئاساسىي مەنبە بولۇپ تۇرماقتا. ھەربىي گۇرۇھلارنى كېڭەيتىش، ھەربىي ئىتتىپاقنى كۈچەيتىش تىنچلىقنى قوغداشقا، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىشقا پايدىسىز. ئادالەتسىز، نامۇۋاپىق خەلقئارا ئىقتىسادىي كونا تەرتىپ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ مەنپەئىتىگە يەنىلا زىيان يەتكۈزمەكتە. باي-نامراتلىق پەرقى ئۈزلۈكسىز چوڭايماقتا. باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى سىياسىي ئىشلىرىغا «كىشىلىك ھوقۇقى» دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ ئارىلىشىش ئەھۋالى يەنىلا ناھايىتى ئېغىر. مىللەت، دىن، زېمىن قاتارلىق ئامىللار تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان قىسمەن توقۇنۇشلار بىر پەسىيىپ، بىر ئۆرلەپ تۇرماقتا. دۇنيا ھازىرمۇ تىنچ ئەمەس.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ دىپلوماتىيە ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش، مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش

ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىنى باشتىن-ئاخىر ئېغىشماي يولغا قويۇش كېرەك. بىز بارلىق خەلقئارا ئىشلاردا جۇڭگو خەلقىنىڭ ۋە دۇنيا خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەيدانىمىز ۋە سىياسىتىمىزنى ئىشنىڭ ئۆزىدىكى ھەق-ناھەقلىق، توغرا-خاتالىققا قاراپ بەلگىلىشىمىز لازىم، چەتنىڭ ھەرقانداق بېسىمى ئالدىدا تىز پۈكمەيمىز، ھەرقانداق چوڭ دۆلەت بىلەن ياكى دۆلەتلەر گۇرۇھى بىلەن ئىتتىپاق تۈزمەيمىز، ھەربىي گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرمايمىز، ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسىگە قاتناشمايمىز، ھەربىي كېڭەيمىچىلىك قىلمايمىز.

زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش كېرەك. دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرا ۋە تالاش-تارتىشلارنى قورال كۈچىگە مۇراجىئەت قىلىش ياكى بىر-بىرىگە قورال كۈچى بىلەن تەھدىت سېلىش ئارقىلىق ئەمەس، كېڭىشىش ئارقىلىق تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىش لازىم، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى سىياسىي ئىشلىرىغا ھەرقانداق باھانە بىلەن ئارىلىششقا بولمايدۇ، كۈچلۈكلۈككە تايىنىپ ئاجىزلارنى خورلاشقا، باشقا دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلىشقا، ئۇلارنى بوزەك ئېتىشكە ۋە ئاغدۇرۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ۋە ئىدېئولوگىيىسىنى باشقا دۆلەتلەرگە تاڭمايمىز، باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمى ۋە ئىدېئولوگىيىسىنى بىزگە تېڭىشىغىمۇ ھەرگىز يول قويمايمىز.

ئادىل-مۇۋاپىق خەلقئارا سىياسىي-ئىقتىسادىي يېڭى تەرتىپنىڭ ئورنىتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك. تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ئاساس قىلىنغان، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئاساسىي نىزامىدا بەلگىلەنگەن تۈپ مەقسەتكە ۋە پرىنسىپقا ئۇيغۇن كېلىدىغان بۇنداق خەلقئارا يېڭى تەرتىپتە تىنچلىق ۋە تەرەققىياتقا خاس دەۋر ئېقىمى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولىدۇ.

دۇنيانىڭ كۆپ خىللىقىغا ھۆرمەت قىلىش لازىم. ھازىرقى دۇنيا — رەڭگارەڭ دۇنيا. ھەممە دۆلەت ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىغا باب كېلىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنى، تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تاللاشقا ھوقۇقلۇق. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىشىغا شۇ دۆلەتلەرنىڭ خەلقى ئۆزى ئىگە بولۇشى، خەلقئارا ئىشلارنى كۆپچىلىك كېڭىشىپ ھەل قىلىشى لازىم.

ئىناق قوشنىدارچىلىق-دوستلۇقنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ ئىزچىل تەشەببۇسى ئەنە شۇ، بۇنى ھەرگىز ئۆزگەرتمەيمىز. دۆلىتىمىز بىلەن قوشنا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا تالاش-تارتىشتا قالغان مەسىلىلەر تىنچلىق ۋە مۇقىملىقنى قوغداش ئومۇمىيىتىنى كۆزدە تۇتۇش ئاساسىدا دوستانە كېڭىشىش ۋە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش يولى بىلەن ھەل قىلىنىشى لازىم. دەماللىققا ھەل بولمىسا، ۋاقىتىنچە قويۇپ تۇرۇپ، ئوخشاش پىكىرلەردە بىرلىككە كېلىپ، ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەردە ئۆز قاراشلىرىمىزنى ساقلاپ قالساق بولىدۇ.

3-دۇنيا ئەللىرى بىلەن بولغان ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى

تۇپ نىشانى بىر. جۇڭگو بۇرۇنقىدەكلا كەڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن ھەر جەھەتتىن ئۆزئارا مەدەتكار بولۇپ، زىچ ماسلىشىپ، ئورۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئەتنى بىرلىكتە قوغدايدۇ.

تىنچ بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى ئاساسىدا، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى داۋاملىق ياخشىلاش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم. دۆلەتلەر ئارا ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى پەرقتىن ھالقىپ، بىر-بىرىنى ھۆرمەتلەپ، دوستانە بىللە ئۆتۈش كېرەك. ئورتاق مەنپەئەتنىڭ قوشۇلۇش نۇقتىسىنى تېپىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ۋە تەرەققىياتى ئالدىدىكى سىناقتىن بىرلىكتە ئۆتۈش لازىم. بىر-بىرىمىز ئوتتۇرىسىدا ساقلانغان ئىختىلاپنى قارشىلىشىش يولىنى تۇتماي، سۆزلىشىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئۇزاق كەلگۈسى مەنپەئىتى بىلەن دۇنيانىڭ تىنچلىق ۋە تەرەققىيات ئومۇمىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوبدان ھەل قىلىش كېرەك، ھەدېسلا جازا تەدبىرى قوللىنىشقا ياكى جازا تەدبىرى قوللىنىش بىلەن تەھدىت سېلىشقا قارشى تۇرۇش لازىم.

باراۋەر بولۇش-ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە رايونلار بىلەن سودا مۇئامىلىسى، ئىقتىسادىي-تېخنىكىۋى ھەمكارلىق ۋە پەن-مەدەنىيەت ئالاقىسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

كۆپ تەرەپلىك دىپلوماتىيە پائالىيەتلىرىگە پائال قاتنىشىش، دۆلىتىمىزنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى ۋە باشقا خەلقئارا تەشكىلاتلاردىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم.

مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، تولۇق باراۋەر بولۇش، بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىش، بىر-بىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ پارتىيىمىز بىلەن ئالاقىلىشىشنى خالايدىغان بارلىق پارتىيىلىرى بىلەن يېڭىچە پارتىيە ئارا ئالاقە ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

جۇڭگو—دۇنيا تىنچلىقىنى ۋە رايون مۇقىملىقىنى قوغدايدىغان مۇستەھكەم كۈچ. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشىمىز ئۈچۈن، ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچ خەلقئارا مۇھىت، بولۇپمۇ ئوبدان ئەتراپ مۇھىتى كېرەك. جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ھېچقانداق دۆلەتكە تەھدىت پەيدا قىلمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگو تەرەققىي تاپقاندىمۇ، مەڭگۈ زومىگەر بولمايدۇ. جۇڭگو خەلقى ئۇزاق مۇددەت كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا، زۇلمىغا ئۇچرىغان ۋە ئۇلار تەرىپىدىن بوزەك ئېتىلگەن، بىز بۇنداق ئازابنى باشقىلارغا مەڭگۈ تاڭمايمىز.

دۇنيانىڭ ئىستىقبالى پارلاق، يول ئەگرى-توقاي. جۇڭگو خەلقى دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر خەلقى بىلەن بىرلىكتە تىنچلىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئالىيجاناب ئىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىنسانلارنىڭ تېخىمۇ گۈزەل كېلەچىكىنى يارىتىش يولىدا بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى خالايدۇ.

## 10. يېڭى ئەسىرگە يۈزلەنگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپ، ئىشلىرىمىزنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئاچقۇچى پارتىيە رەھبەرلىكىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، پارتىيىنى تېخىمۇ ياخشى قۇرۇپ چىقىشتا.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى—پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورنى پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى بولۇش خاراكتېرى بىلەن بەلگىلەنگەن، ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشلەرنىڭ سىناقلىرى ئارقىلىق شەكىللەنگەن. جۇڭگودا، پارتىيىمىزدەك مۇشۇنداق ئۇرغۇن ئىلغارلار توپلانغان، مۇشۇنداق زىچ ۋە كەڭ كۆلەمدە ئۇيۇشقان، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۈچۈن مۇشۇنداق كۆپ قۇربان بەرگەن، خەلق بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن، ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا تەجرىبىلەرنى ماھىرلىق بىلەن يەكۈنلەپ، ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكلىرىگە ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ، توغرا نەزەرىيە ۋە لۇشيەننى شەكىللەندۈرگەن ۋە قەتئىي داۋاملاشتۇرغان ھېچقانداق سىياسىي تەشكىلات ھېچقاچان بارلىققا كەلگەن ئەمەس. تارىخ زور مەسئۇلىيەتنى پارتىيىمىزگە ئارتتى، خەلق پارتىيىمىزگە زور ئۈمىد باغلىدى. پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ 20-ئەسىردە پارلاق سەھىپە ئاچتى، 21-ئەسىردىمۇ چوقۇم يېڭى، پارلاق سەھىپە ئاچالايدۇ.

پارتىيە رەھبەرلىكى بىلەن پارتىيە قۇرۇلۇشى ئەزەلدىن تارتىپلا پارتىيىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىلىرى بىلەن، پارتىيە شۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن بەلگىلىگەن نەزەرىيە ۋە لۇشيەنلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ كەلدى. ماۋ زېدۇڭ يادرولۇقىدىكى 1-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى ماركسىزم-لېنىنىزمنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي لۇشيەنىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ بېرىپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرىدىغان، سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورنىتىدىغان ئاۋانگارت ئەترىتىنى قۇرۇپ چىققان. دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى 2-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى زامانىمىزدىكى جۇڭگوغا ئىجادكارلىق بىلەن تەتبىقلاپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش شارائىتىدا، قانداق پارتىيە قۇرۇش، پارتىيىنى قانداق قۇرۇش مەسىلىسىنى دەۋرىي قىلىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىدا يېڭى، ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى باشلاپ بەردى. يېڭى ئەسىرگە يۈزلەنگەندە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيىگە رەھبەرلىك قىلىپ مۇشۇ يېڭى، ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتماقتا، بۇنىڭ ئۈچۈن پارتىيىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغان، خەلق ئۈچۈن جان-دىلى بىلەن خىزمەت قىلىدىغان، ئىدىيىۋى، سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەتتە پۈتۈنلەي مۇكەممەللەشكەن، تۈرلۈك خەۋپ-خەتەرلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، باشتىن-ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان،

پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان ماركسىزملىق پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. پۈتۈن پارتىيە يېڭى، ئۇلۇغ قۇرۇلۇشتا كۆزلەنگەن ئومۇمىي نىشان بويىچە، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئىدىيە جەھەتتىن، تەشكىلىي جەھەتتىن ۋە ئىستىل جەھەتتىن ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، رەھبەرلىك قىلىش سەۋىيىسى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، چىرىتىشكە تاقابىل تۇرۇش-ئاينىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، يېڭى قىياپەت ۋە تېخىمۇ كۈچلۈك جەڭگىۋارلىق بىلەن خەلقنى باشلاپ، يېڭى، تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇندىشى لازىم.

پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، تۈپ ئاساسلىقى—پۈتۈن پارتىيىنى قەتئىي تەۋرەنمەي دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى پارتىيىمىزنى دۇنيانى بىلىش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىشنىڭ يېڭى، كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورالىغا ئىگە قىلدى. پۈتۈن پارتىيە ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۆگىنىشكە ماھىر بولۇپ، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى، بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغىشى كېرەك. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتە، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ مەركىزىي كومىتېتنىڭ نەچچە يۈز ئەزاسى، ئۆلكە-مىنىستىرلىك دەرىجىلىك نەچچە مىڭ كادىر ئالاھىدە مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان، ئۇلار ھەممىدىن ئاۋۋال دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى باشلامچىلىق بىلەن ياخشى ئۆگىنىپ، نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى مۇكەممەل، توغرا ئىگىلەپ، نەزەرىيىدىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر ۋە ئاساسىي روھنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئۆزلەشتۈرۈشى، ھەم نەزەرىيىنىڭ ئۆزىنىڭ خىزمەت ساھەسىگە ئالاقىدار مەزمۇنىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىشى ۋە چۈشىنىشى لازىم. ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، سىياسەتنى تەكتەلەش ۋە توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پارتىيىۋىلىك تەربىيىسى-پارتىيە ئىستىلى تەربىيىسىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. پۈتۈن پارتىيىدە ئەستايىدىل ئۆگىنىش كەيپىياتىنى، دېموكراتىك ئاساستا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش كەيپىياتىنى، ئاكتىپ ئىزدىنىش كەيپىياتىنى، راستچىللىق-ئەمەلىيەتچىللىك كەيپىياتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش لازىم. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ، ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ئەمەلىي مەسىلەلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇپ، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرۋاقىتتا، سۇبيېكتىپ دۇنيانىمۇ ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك.

پارتىيىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، تۈپ ئاساسلىقى—پارتىيىنى مۇستەھكەم رەھبەرلىك يادروسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي ئۈستۈنلۈكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش. پارتىيىمىزنىڭ 58 مىليون ئەزاسى، 3 مىليون 400 مىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى بار، ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بويىچە بىر پۈتۈن گەۋدە تەشكىل قىلىش ئارقىلىق، ئورتاق نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش—غايەت زور تەشكىلىي ئۈستۈنلۈك. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش شارائىتىدا، دېموكراتىيە- مەركەز-

لەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش شەرت. دېموكراتىيىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ جارى قىلدۇرۇش، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيە يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىش، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئاكتىپلىقى ۋە ئىجادكارلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم؛ مەركىزىي كومىتېتنىڭ نوپۇزىنى قوغداش، مەركىزىي كومىتېت بىلەن ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە بىرلىكنى ساقلاش، پارتىيە لۇشيەنىنىڭ ۋە مەركىزىي كومىتېت بەلگىلىگەن تەدبىرلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ پارتىيىنىڭ قۇرۇلتاي تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىش بىلەن شەخسلەر ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇشنى بىرلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى ساغلاملاشتۇرۇش، يەرلىك پارتكوملارنىڭ ئۆزىگە تەڭ دەرىجىلىك تۈرلۈك تەشكىلاتلاردىكى رەھبەرلىك يادروسىغا خاس رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش لازىم. رەھبىرىي كادىرلار دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىگە ئائىت تۈرلۈك بەلگىلىمىلەرگە باشلامچىلىق بىلەن ئەمەل قىلىشى، ئومۇمىيەتنى قوغدىشى، ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىشى، شەخسىي ئۆز بېشىمچىلىق ۋە باشباشتاقلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشى، قىل دېگەننى قىلماسلىق، قىلما دېگەننى قىلىشقا قارشى تۇرۇشى كېرەك. ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، زىيالىيلاشتۇرۇش ۋە ئىختىساسلاشتۇرۇش فاڭجېنى بويىچە، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا لايىقلاشقان يۇقىرى سۈپەتلىك كادىرلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىش — ئىشلىرىمىزدا ئۈزۈلۈكسىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى. ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە ۋە ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرىدىغان، خەلق ئۈچۈن جان-دىلى بىلەن خىزمەت قىلىدىغان، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان، ئىتتىپاقلاشقان مۇستەھكەم رەھبەرلىك كوللېكتىپى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش لازىم. كادىرلىق تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، دېموكراتىيىنى كېڭەيتىپ، سىناشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئالماشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملارنى ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، بولۇپمۇ كادىرلارنى يۇقىرىغىمۇ چىقالايدىغان، تۆۋەنگىمۇ چۈشەلەيدىغان قىلىش جەھەتتە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ھاسىل قىلىش كېرەك. كادىر تاللاشتا، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ياخشىلارنىلا ئىشقا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش، ئۆز يېقىنلىرىنىلا ئىشقا قويۇشقا قارشى تۇرۇش، ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزىتىش لازىم. ئاما پارتىيىنىڭ لۇشيەنىنى ئىجرا قىلىشتا قەتئىي، ئەمەلىي نەتىجىسى گەۋدىلىك، پاك-دىيانەتلىك دەپ بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان كادىرلارنى ۋاقتىدا تاللاپ رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىرىش كېرەك. پارتىيىنىڭ لۇشيەنىدىن چەتنىگەن كىشىلەرنى، شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلىپ كەتكەن، ساختىپەزلىك قىلىدىغان، مەنسەپ كويىدا قاترايدىغان- ئەمەل تەلەپ قىلىدىغان كىشىلەرنى رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزۈشكە ھەرگىز بولمايدۇ. ئەسىر ھالقىپ مۇھىم ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ

ئۆستۈرۈش—بىر خىل ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپە، بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش شەرت. ئايال كادىرلارنى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ۋە پارتىيىسىز كادىرلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. كادىرلارنى دەم ئېلىشقا ۋە پېنسىيىگە چىقىرىش تۈزۈمىنى مۇكەممەل-لەشتۈرۈش، پېشقەدەم كادىرلارغا سىياسىي جەھەتتە تېخىمۇ ئوبدان كۆڭۈل بۆلۈش، تۇرمۇش جەھەتتە تېخىمۇ ياخشى ئېتىبار بېرىش، ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى—پارتىيىنىڭ پۈتكۈل خىزمەتلىرىنىڭ ۋە جەڭگىۋارلىقىنىڭ ئاساسى. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى دەۋرىي قىلىش، پارتىيە-نىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش لازىم؛ يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى ئىسلاھات روھى بىلەن تەتقىق قىلىش، خىزمەت ئۇسۇلى، خىزمەت ئىستىلى ۋە پائالىيەت شەكلىنى ياخشىلاش كېرەك؛ پارتىيە ئەزالىرىغا قارىتىلغان تەربىيە، باشقۇرۇش ۋە نازارەتچىلىك ئىشلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى ئىشلەش، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى ئۆز ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، پارتىيە نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەن بۇرچىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرىدىغان، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، ئۆز ئورنىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدىغان مۇستەھكەم جەڭگىۋار قورغان بولۇشقا تىرىشىشى كېرەك.

پارتىيىنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە، تۈپ ئاساسلىقى—خەلق ئۈچۈن جان -دىل بىلەن خىزمەت قىلىدىغان ئاساسىي مەقسەتتە چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ ئامما بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلاش ئارتۇقچىلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش. پارتىيە ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش داۋامىدا شەكىللەندۈرگەن ئېسىل ئىستىل—نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، ئامما بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت باغلاش، تەنقىد ۋە ئۆزىنى ئۆزى تەنقىد قىلىش ئىستىلى—پارتىيىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاساسىي مەقسىتىنىڭ نامايەندىسى، بۇ ئېسىل ئىستىلنى چوقۇم يېڭى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن پارتىيىدە جارى قىلدۇرۇش، نۇرلاندۇرۇش لازىم. پارتىيىمىز—خەلقتىن چىققان، خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتقان، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان پارتىيە. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى ھەممە خىزمەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى ۋە ئەمەلىيلىشىش نۇقتىسى—جان-دىل بىلەن خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش. كومپارتىيە ئەزالىرى ئاممىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىشى، ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشى، ئاممىغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشى، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشى كېرەك. پارتىيىنىڭ كادىرلىرى، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلىرى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت-لىرىنى ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشى شەرتكى، ئۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ ھېچقانداق چەتلەمەسلىكى كېرەك؛ خەلق بەرگەن ھوقۇقنى توغرا يۈرگۈزۈشى شەرتكى، ھەرگىز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ نەپسانىيەتچىلىك قىلماسلىقى لازىم؛ يۇقىرى ئالدىدا جاۋابكار بولۇش بىلەن ئامما ئالدىدا جاۋابكار بولۇشنى بىرلەشتۈرۈشى شەرتكى، بۇ ئىككىسىنى بىر-بىرىدىن ئايرىپ تاشلايدىغان، بىر-بىرىگە قارشى قويىدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماسلىقى كېرەك؛ خىزمەتتە ئاممىۋى لۇشيەننى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق

قىلىشى شەرتكى، ھەرگىز بيۇروكراتلىق، شەكىلۋازلىق ۋە بۇيرۇقچىلىق قىلماسلىقى لازىم. پارتىيىمىز ھەممىدە ئاممىنى كۆزدە تۇتىدىغان، ھەممىدە ئاممىغا ئىشىنىدىغان، ھەممىدە ئاممىغا تايىنىدىغان بولسا، پۈت-مەس-تۈگىمەس كۈچ مەنبەسىگە ئىگە بولالايدۇ.

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش—پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھايات-ماماتىغا بېرىپ تاقىلىدىغان جىددىي سىياسىي كۈرەش. پارتىيىمىزنى ھەرقانداق دۈشمەن بېسىپ چۈشەلمەيدۇ، ئاغدۇرالمايدۇ. ئىستىھكام ئىچىدىن ئەڭ ئاسان بۇزۇلىدۇ، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز نابۇت قىلىدىغان ئىشنى قىلىشقا مۇتلەق بولمايدۇ. چىرىكلەشكەنلەر ئۈنۈملۈك جازالانمىسا، پارتىيە خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشەنچى ۋە مەدەتكارلىقىدىن مەھرۇم قالىدۇ. پۈتكۈل ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش جەريانىدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ تۇرۇش كېرەك. ھەم ئۇزۇنغا سوزۇلىدىغان ئۇرۇش قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش، ھەم باسقۇچلۇق جەڭنى بىر-بىرلەپ ئوبدان ئېلىپ بېرىش لازىم. رەھبىرىي كادىرلارنى پاك-تەلەپچان قىلىش، چوڭ، مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىش، تارماق ۋە كەسىپ ناتوغرا ئىستىلىنى تۈزىتىش خىزمىتىنى داۋاملىق ئوبدان تۇتۇش كېرەك. بۇنىڭدا ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ بايرىقى روشەن، پوزىتسىيىسى قەتئىي بولۇشى، خىزمىتى بوشاشتۇرۇلماي ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. يۈزەكى ھەل قىلىش بىلەن تۈپتىن ھەل قىلىشقا تەڭ ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك، بۇنىڭدا تەربىيە—ئاساس، قانۇنچىلىق—كاپالەت، نازارەتچىلىك—ئاچقۇچ. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، چىرىكلىك پەيدا بولىدىغان، يامرايدىغان تۇپراقنى ئۈزلۈكسىز يوقىتىش كېرەك. پارتكوم بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش، پارتىيە-ھۆكۈمەت تەڭ تۇتۇپ بىرلىكتە باشقۇرۇش، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەشكىللاتچىلىق قىلىپ ماسلاشتۇرۇش، تارماقلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، ئاممىنىڭ قوللىشى ۋە قاتنىشىشىغا تايىنىش ئارقىلىق، چىرىكلىكنى قەتئىي توسۇش لازىم. رەھبىرىي كادىرلار، ئالدى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىشى، قانۇن-ئىنتىزامغا نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىشى، نازارەتنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى، چىرىك ئىدىيىنىڭ چىرىتىشىنى چەكلىشى، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشنىڭ، پاك-دىيانەتلىكنىڭ نەمۇنىسى بولۇشى، ئاممىنى يېتەكلەپ چىرىكلىككە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشى لازىم. چىرىكلىككە قارشى كۈرەشنى پارتىيە تەشكىلاتىنى پاكلاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىچىدە چىرىكلەشكەن ئۇنسۇرلارنىڭ يوشۇرۇنۇۋېلىشىغا ھەرگىز يول قويماسلىق كېرەك.

پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش—پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقى ۋە پاكلىقىنى ساقلاش، پارتىيىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشنىڭ كاپالىتى. بىزنىڭ ھازىرقى تىرىشچانلىقىمىز ئاخىرقى ھېسابتا كوممۇنىزمنىڭ ئالىي پروگراممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى كۆزلەپ ئىلگىرىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ، بۇ ئۇلۇغ نىشانىنى ئۇنتۇپ قالغان كومپارتىيە ئەزاسى لاياقەتلىك كومپارتىيە ئەزاسى ئەمەس؛ پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى پروگراممىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلمىغان كومپارتىيە ئەزاسىمۇ ئوخشاشلا لاياقەتلىك كومپارتىيە ئەزاسى ئەمەس. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، كومپارتىيە ئەزالىرى ئىلغارلىقنى ساقلاشتا، دەۋرنىڭ تەلىپىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مۇنداق قىلىشى كېرەك: ئۇلۇغ كوممۇنىزم غايىسىنى كۆڭلىگە

پۇكۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى باشلامچىلىق بىلەن ئىجرا قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىرىلىشى، ئاكتىپلىق بىلەن ئالغا ئىنتىلىشى، قىيىنچىلىقتىن قورقماسلىقى، ئوڭۇشسىزلىقتىن قورقماسلىقى كېرەك؛ سەممىي نىيەت بىلەن خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، جاپا-مۇشەققەتتە ئالدىدا، راھەت-پاراغەتتە كەينىدە تۇرۇپ، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەپ، كۆپلەپ تۆھپە قوشۇشى لازىم؛ ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، ھەق-ناھەقنى ئايرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە ئائىت بىلىم ۋە ماھارەتنى ئىگىلەپ، ئەڭ ياخشى نەتىجە يارىتىشقا تىرىششى كېرەك؛ خەۋپلىك پەيتتە ئوتتۇرىغا كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، دۆلەتنىڭ ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىشى، خەلققە زىيان يەتكۈزىدىغان، جەمئىيەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان، دۆلەتكە زىيان يەتكۈزىدىغان قىلمىشلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار «پارتىينى پارتىيە باشقۇرۇش» پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىينى قاتتىق باشقۇرۇش فاكچېنىنى پارتىيە قۇرۇلۇشىغا دائىر تۈرلۈك خىزمەتلەرگە سىڭدۈرۈشى، پارتىيە ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان ئىنتىزام بوشاپ كېتىش ۋە بوشاڭلىق، ئاجىزلىق، تارقاقلىق ئەھۋاللىرىنى قەتئىي ئۆزگەرتىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيە نىزامنامىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش ئاساسىدا ئىش قىلىش، پارتىيىنىڭ تۈزۈمى ۋە بەلگىلىمىسى بويىچە ئىش قىلىش لازىم: پارتىيە ئەزالىرىغا، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇش، ئۇلارنى قاتتىق باشقۇرۇش، قاتتىق نازارەت قىلىش كېرەك؛ پارتىيىنىڭ ئىچكى تۇرمۇشىدا پارتىيىۋىلىكنى تەكىتلەش، پرىنسىپنى تەكىتلەش، ئاكتىپ ئىدىيىۋى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇش، توغرا كەيپىياتنى ئەۋج ئالدۇرۇش، ناچار ئىستىلغا قارشى تۇرۇش لازىم؛ پارتىيە نىزامنامىسىدە بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە قاتتىق ئەمەل قىلىش ئاساسىدا پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش، لاياقەتسىز پارتىيە ئەزالىرىنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىش كېرەك؛ پارتىيە ئىنتىزامىنى قاتتىق ئىجرا قىلىش، ئىنتىزام ئالدىدا ھەممە ئادەم باباراۋەر بولۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىم ۋەھاكازالار. پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىنتىزامى چىڭ، روھى كۆتۈرەڭگۈ بولسا، پارتىيىمىز غەلىبىدىن يېڭى غەلىبىگە قاراپ ماڭالايدۇ.

يولداشلار! بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدىن 16-قۇرۇلتايغىچە بولغان بەش يىل بىز يېڭى سىناقتىن ئۆتىدىغان، يېڭى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىدىغان بەش يىل بولىدۇ؛ پارتىيىمىزنىڭ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، خەلقنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقىپ، ئىشلىرىمىزدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتالايدىغانلىقى يېڭى ئەمەلىي نەتىجىلەر بىلەن نامايان قىلىنىدىغان بەش يىل بولىدۇ؛ 9-بەش يىللىق پىلان ئومۇميۈزلۈك ئورۇندىلىدىغان، 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاساس سېلىنىدىغان بەش يىل بولىدۇ. ھازىر ئىشەنچ بىلەن تامامەن شۇنداق دېيەلەيمىزكى، پارتىيىمىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئوتتۇرىغا قويغان نىشاننى — مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش نىشانىنى ئۆز قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرالايمىز. جۇڭگودەك 1 مىلياردتىن ئارتۇق ئاھالىسى بولغان بىر دۆلەتتە، ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش ۋە ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىش — ئۇلۇغ ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئىش. بۇ ئىش دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقى ئۈچۈن يېڭى ئاساس سېلىپ بېرىدۇ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىشنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىنى يارىتىپ بېرىدۇ.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش — بۇ قېتىمقى قۇرۇلتىيىمىزنىڭ جېنى. 15 ـ قۇرۇلتاي تارىخ سەھىپىسىدىن مۇشۇ نۇقتا بىلەن ئورۇن ئالغۇسى. بۇنىڭدا شەك يوق. بىز پارلاق، داغدام يول ئاچتۇق. لېكىن ئالدىمىزدىكى يولنىڭ ھەممىسىلا تۈز ئەمەس، جۈملىدىن ئالدىن پەرەز قىلغىلى بولىدىغان ياكى ئالدىن پەرەز قىلىش قىيىن بولغان، مەملىكەت ئىچىدىن ۋە مەملىكەت سىرتىدىن كېلىدىغان، ئىقتىسادىي ھاياتتا ۋە ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاياتتا پەيدا بولىدىغان تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ ـ خەتەرگە دۇچ كېلىمىز. قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ ـ خەتەرلەرنىڭ ھەرقانداقى بىزنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە بولغان چىڭ ئېتىقادىمىزنى تەۋرىتەلمەيدۇ، بەلكى بىزنى ئېخمۇ ئاڭلىقلىق بىلەن مۇشۇ نەزەرىيىنى تەتبىق قىلىپ، قىيىنچىلىقنى تۈگىتىپ، خەۋپ ـ خەتەرنى يېڭىپ، غەلىبە بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان قىلىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش، بۇ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت داۋامىدا مەزمۇنغا داۋاملىق بېيىتىش ۋە ئىجادكارلىق بىلەن داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ۋە پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ كاتتا تارىخىي مەسئۇلىيىتى.

بۇ قېتىملىق قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ۋەزىپىسى — پۈتۈن پارتىيىنى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى ئۇلۇغ ئىشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش. ئىتتىپاقلىق ئومۇمىيەت دېمەكتۇر، ئىتتىپاقلىق كۈچ دېمەكتۇر. پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ھەممىنىڭ ئالدىغا قويۇش لازىم، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشى كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە پارتىيىنىڭ ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلار بىلەن، ھەرقايسى ساھەلەردىكى دوستلار بىلەن بولغان سەمىمىي ھەمكارلىقنى كۈچەيتىش، پارتىيىنىڭ كەڭ ئامما بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم. بۇ ئىتتىپاقلىق — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئورتاق مەنپەئەت ئاساسىغا قويۇلغان، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرىدىغان ئورتاق غايە ئاساسىغا قويۇلغان ئىتتىپاقلىق. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بۇ ئىتتىپاقلىقنى ئۈزلۈكسىز قوغدايدىغان ۋە كۈچەيتىدىغان بولسا، ئىشىمىز غەلىبە قىلماي قالمايدۇ.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتكە كېلىپ، ئېگىلمەي ـ پۈكۈلمەي تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى 21 ـ ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتايلى!

**(جۇڭگو مىللەتلەر تەرجىمە مەركىزىنىڭ تەرجىمىسى)**

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى

(جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 15-قۇرۇلتىيىدا قىسمەن تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، 1997-يىل 9-ئاينىڭ 18-كۈنى ماقۇللاندى)

## ئومۇمىي پروگرامما

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى—جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى، جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ رەھبەرلىك يادروسى. پارتىيىنىڭ ئاخىرقى نىشانى—كوممۇنىستىك ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزمنى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى، دېڭ شىياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆز ھەرىكىتىنىڭ قىبلىنەماسى قىلىدۇ.

ماركسىزم-لېنىنىزم ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بەردى، كاپىتالىستىك تۈزۈم ئۆزى يېڭىپ كېتەلمەيدىغان ئەسلىدىن بار زىددىيەتلەرنى تەھلىل قىلىپ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەت چوقۇم كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ، ئاخىر چوقۇم تەرەققىي قىلىپ كوممۇنىستىك جەمئىيەتكە ئايلىنىدۇ دەپ كۆرسەتتى. «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنغان 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت مابەينىدىكى تارىخ ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنىڭ توغرىلىقىنى، سوتسىيالىزمنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى — ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئېكسپلاتاتسىيىنى يوقىتىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش ئەھۋالىنى تۈگىتىش، ئاخىر بېرىپ ئورتاق بېيىش نىشانىغا يېتىش. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە مۇكەممەللىشىشى—ئۇزاق بىر تارىخىي جەريان. سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ئەگرى-توقايلىق ۋە تەكرارلىنىش بولىدۇ، لېكىن سوتسىيالىزمنىڭ چوقۇم كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى ئېلىشى—جەمئىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ كەينىگەياندۇرغىلى بولمايدىغان ئومۇمىي يۈزلىنىشى. سوتسىيالىزم جەزمەن ھەرقايسى ئەللەر خەلقى ئۆز ئىختىيارى بىلەن تاللىۋالغان، ئۆز ئېلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان يول بىلەن پەيدىنپەي غەلىبە قىلىدۇ.

يولداش ماۋ زېدۇڭنى ئاساسىي ۋەكىل قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى بەرپا قىلدى. ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى—ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەتبىق قىلىنىشى ۋە راۋاجى، جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان توغرا نەزەرىيىۋى پرىنسىپى ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ،

ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، جاھانگىرلىككە، فېئوداللىزمغا ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمغا قارشى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي كۈرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىلىقىدىكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى؛ جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىپ، يېڭى دېموكراتىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈش جەريانىنى تاماملاپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئورناتتى، سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سوتسىيالىستىك سىياسىي ۋە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇردى.

11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، يولداش دېڭ شياۋپىڭنى ئاساسىي ۋەكىل قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستلىرى جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتلەردىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىنىڭ مەركىزىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئاچتى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى پەيدىنپەي شەكىللەندۈرۈپ، جۇڭگودا سوتسىيالىزمنى قۇرۇش، مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتىكى تۈپ مەسىلىلەرنى شەرھلەپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ياراتتى. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى——ماركسىزم-لېنىنىزم تۈپ قائىدىلىرىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى داۋامى ۋە راۋاجى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى، ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگونىڭ ماركسىزمى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ئۇ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا يېتەكلەيدۇ.

دۆلىتىمىز ھازىر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرماقتا. بۇ——ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا ھالقىپ ئۆتۈشكە بولمايدىغان تارىخىي باسقۇچ، ئۇنىڭغا 100 يىلچە ۋاقىت كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىدا دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئاساس قىلىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىغا مېڭىش لازىم. ھازىرقى باسقۇچتا، جەمئىيىتىمىزدىكى ئاساسىي زىددىيەت خەلقنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىي ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت. ئىچكى ئامىللار ۋە خەلقئارا تەسىر تۈپەيلىدىن سىنىپىي كۈرەش يەنىلا مەلۇم دائىرىدە ئۇزاققىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مەلۇم شارائىتتا كەسكىنلىشىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن، لېكىن ئۇ ئاساسىي زىددىيەت بولۇشتىن قالدى. سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىمىزنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشىنى پەيدىنپەي ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەمدە شۇ يولدا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەرەپلىرى ۋە ھالقىلىرىنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئاساسىي گەۋدە قىلىنىدىغان، كۆپ خىل ئىگىلىك تەركىبلىرى

تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش ئاساس، باشقا تەقسىمات ئۇسۇللىرى قوشۇمچە قىلىنغان تەقسىمات تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، بىر قىسىم رايونلار ۋە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاۋۋال بېيىشىغا ئىلھام بېرىپ، نامراتلىقنى پەيدىنپەي تۈگىتىپ، ئورتاق بېيىش نىشانىغا يېتىپ، ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلىنىش ۋە ئىجتىمائىي بايلىق كۆپىيىش ئاساسىدا خەلقنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىي ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش لازىم. تۈرلۈك خىزمەتلەردە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئومۇمىي كۈچىنى ئاشۇرۇشقا، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشنى ئومۇمىي چىقىش نۇقتىسى ۋە سىناش ئۆلچىمى قىلىش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى ئىستراتېگىيىلىك نىشان — مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مىللىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنى 1980-يىلدىكىدىن ئىككى قاتلاش، كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىقدارىنى ئوتتۇراھال تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنى: پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ ۋە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپالىق ئىشلەپ، ئىگىلىك يارىتىپ، مەملىكىتىمىزنى زامانىۋىلاشقان باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىش داۋامىدا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇشى، باشقا تۈرلۈك خىزمەتلەرنى مۇشۇ مەركەزگە بويسۇندۇرۇشى ۋە خىزمەت قىلدۇرۇشى كېرەك. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، پەن-تېخنىكىنىڭ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بولۇش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پەن-تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىپ، ئەمگەكچىلەرنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈم ياخشى، سۈپەت يۇقىرى، سۈرئەت تېز بولۇش تەلىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ يۈكسەلدۈرۈش لازىم.

سوتسىيالىزم يولىدا چىڭ تۇرۇش، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتورىسىدا چىڭ تۇرۇش، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت تۆت ئاساسىي پرىنسىپ — دۆلەت قۇرۇشىمىزنىڭ ئاساسى. سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش كېرەك.

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش — ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى تۈپتىن ئىسلاھ قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش لازىم؛ شۇنىڭغا يارىشا، سىياسىي تۈزۈلمە

ئىسلاھاتىنى ۋە باشقا ساھەلەردىكى ئىسلاھاتنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. ئېچىۋېتىش ئىشكىنى سىرتقىمۇ، ئىچكىرىكىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئېچىۋېتىشنى ئۈز ئىچىگە ئالىدۇ. تاشقى ئىقتىسادىي-تېخنىكىۋى ئالاقە ۋە ھەمكارلىقنى راۋاجلاندۇرۇپ، سىرتنىڭ مەبلەغ، بايلىق ۋە تېخنىكىسىدىن تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ئوبدان پايدىلىنىش، ئىنسانلار جەمئىيىتى ياراتقان بارلىق مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، جۈملىدىن تەرەققىي قىلغان غەرب دۆلەتلىرىنىڭ زامانىمىزدىكى ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىش قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بارلىق ئىلغار تىجارەت ئۇسۇلى ۋە ئىلغار باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئەينەك قىلىش لازىم. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتە دادىل ئىزدىنىش، باتۇرلۇق بىلەن يول تېپىش، ئەمەلىيەت داۋامىدا يېڭى يول ئېچىش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش بىلەن بىرۋاقىتتا، تىرىشىپ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈرتكىگە ۋە ئەقلىي مەدەتكە ئىگە قىلىپ، ئوبدان ئىجتىمائىي مۇھىت يارىتىدۇ. مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، بىلىمگە، ئىختىساسلىق خادىملارغا ھۆرمەت قىلىش، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىدىيىۋى-ئەخلاقىي سۈپىتىنى ۋە پەن-مەدەنىيەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم. پارتىيە ئەزالىرىنى ۋە خەلق ئاممىسىنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق، سوتسىيالىستىك ئىدىيە بىلەن تەربىيىلەپ، مىللىي غورۇرنى ساقلاش، ئۆزىگە ئىشىنىش ۋە ئۆزىنى كۈچلەندۈرۈش روھىنى كۈچەيتىش، كومپارتىيە ئەزالىرىغا يەنە كوممۇنىستىك ئۇلۇغۋار غايە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش، كاپىتالىزم ۋە فېئودالىزمنىڭ چىرىك ئىدىيىلىرىنىڭ چىرىتىشىگە قارشى تۇرۇش، خىلمۇخىل ئىجتىمائىي رەزىللىكنى تازىلاش، خەلقىمىزنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك ۋە ئىنتىزاملىق خەلققە ئايلاندۇرۇشقا تىرىشىش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرىدۇ، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرىدۇ، خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەيدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرىدۇ، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە كۆپ پارتىيە ھەمكارلىشىش ۋە سىياسىي مەسلىھەت ئېلىپ بېرىش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرىدۇ. خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولۇشىنى پائال قوللاپ، خەلقنىڭ دۆلەت ئىشلىرىنى ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى، ئىقتىسادىي ئىشلارنى، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلەندۈرىدۇ. پىكىرگە كەڭ يول ئېچىپ، دېموكراتىك يول بىلەن تەدبىر كۆرۈش، دېموكراتىك يول بىلەن نازارەتچىلىك قىلىش تۈزۈمى ۋە تەرتىپىنى ئورنىتىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش ۋە قانۇننى يولغا قويۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى پەيدىنپەي قانۇنچىلىق يولىغا سالىدۇ. جەمئىيەت ئامانلىقىنى ھەر تەرەپلىمە ياخشىلاش ئىشىنى كۈچەيتىپ، جەمئىيەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇقىملىقىنى ساقلايدۇ. دۆلەتنىڭ بىخەتەرلىكىگە ۋە مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغا ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا زىيان يەتكۈزىدىغان

تۈرلۈك جىنايى ھەرىكەتلەرگە ۋە جىنايەتچى ئۇنسۇرلارغا قەتئىي زەربە بېرىدۇ. دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بىلەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى قاتتىق پەرقلەندۈرىدۇ ۋە توغرا ھەل قىلىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە ۋە باشقا خەلق قوراللىق كۈچلىرىگە بولغان رەھبەرلىكتە چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش، ۋەتەننى قوغداش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىش داۋامىدىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى قوغدايدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتا ۋە ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن يېتىشتۈرىدۇ ۋە تاللاپ ئۆستۈرىدۇ، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشى ۋە ئومۇميۈزلۈك راۋاج تېپىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت ئىشچىلىرى، دېھقانلىرى ۋە زىيالىيلىرى بىلەن، دېموكراتىك پارتىيە-گۇرۇھلار، پارتىيە-گۇرۇھسىز دېموكراتىك زاتلار، ھەر مىللەت ۋەتەنپەرۋەر كۈچلىرى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بارلىق سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەردىن، سوتسىيالىزمنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەردىن، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلەردىن تەركىب تاپقان ئەڭ كەڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سەپنى يەنىمۇ راۋاجلاندۇرىدۇ ۋە زورايتىدۇ. تەيۋەنلىك قېرىنداشلارنى، شياڭگاڭ-ئاۋمېنلىق قېرىنداشلارنى ۋە چەت ئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىدۇ. «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» فاڭجېنىغا ئاساسەن، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشنى ئورۇندايدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى چەت بىلەن بولغان ئالاقىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، تىرىشىپ ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن پايدىلىق خەلقئارا مۇھىت يارىتىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. خەلقئارا ئىشلاردا، مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ئاساسىدىكى تىنچلىق دىپلوماتىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغدايدۇ، زومىگەرلىككە ۋە زوراۋانلىق سىياسىتىگە قارشى تۇرىدۇ، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغدايدۇ، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرىدۇ. بىر-بىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىگە ھۆرمەت قىلىش، بىر-بىرىگە تاجاۋۇز قىلماسلىق، بىر-بىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق، باراۋەرلىك-ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشتىن ئىبارەت بەش پرىنسىپ ئاساسىدا، دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىناق قوشنىدارچىلىق-دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرىدۇ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن بولغان

ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىدۇ. مۇستەقىل-ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش، پۈتۈنلەي باراۋەر بولۇش، بىر-بىرىگە ھۆرمەت قىلىش، بىر-بىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىق پرىنسىپى بويىچە، پارتىيىمىزنىڭ ھەرقايسى ئەللەردىكى كوممۇنىستىك پارتىيىلەر ۋە باشقا پارتىيىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرىدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى زىچ دەۋرىي قىلىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشى، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇشى، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇشى، پارتىيىنى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىشىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان كۈچلۈك يادرو قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى لازىم. پارتىيە قۇرۇلۇشىدا تۆۋەندىكى تۆت ئاساسىي تەلەپنى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك:

بىرىنچى، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش. پۈتۈن پارتىيە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى بىلەن ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى ھەمدە بۇنىڭدا قىلچە ئېغىشماي ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇشى كېرەك. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى تۆت ئاساسىي پرىنسىپ بىلەن بىرلىككە كەلتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش، بارلىق «سول» چىل ۋە ئوڭچىل خاتا خاھىشلارغا قارشى تۇرۇش، ئوڭچىللىقتىن ھوشيار بولۇش، لېكىن ئاساسلىقى «سول» چىللىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا قولغا كەلتۈرگەن سىياسىي نەتىجىسى ئالاھىدە بولغان ۋە ئامما ئىشىنىدىغان كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈپ ۋە ئىشلىتىپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان ئىزباسارلىرىنى تەربىيىلەپ ۋە يېتىشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلىشىشىگە تەشكىلىي جەھەتتىن كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئىككىنچى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش. پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى لۇشيەنى — ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەت داۋامىدا سىناش ۋە راۋاجلاندۇرۇش. پۈتۈن پارتىيە مۇشۇ ئىدىيىۋى لۇشيەنىنى ئاساس قىلىپ، پائال ئىزدىنىشى، دادىللىق بىلەن سىناق ئېلىپ بېرىشى، خىزمەتلەرنى ئىجادىي رەۋىشتە قانات يايدۇرۇشى، يېڭى ئەھۋاللارنى ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىشى، يېڭى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىشى، يېڭى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى، ئەمەلىيەت داۋامىدا ماركسىزمنى بېيىتىشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى لازىم.

ئۈچىنچى، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇش. پارتىيىنىڭ ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىدىن باشقا، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە مەنپەئىتى يوق. پارتىيە ھەرقانداق ۋاقىتتا ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى، ئامما بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە

بولۇپ، ئەڭ يېقىن مۇناسىۋەت باغلىشى، ھەرقانداق پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىشىغا، ئۆزىنى ئاممىدىن ئۈستۈن قويۇشىغا يول قويماسلىقى كېرەك. پارتىيە ئۆز خىزمىتىدە ئاممىۋى لۇشيەننى يولغا قويۇشى، ھەممە ئىشتا ئاممىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەممە ئىشتا ئاممىغا تايىنىپ، ئاممىدىن ئېلىپ ئاممىغا بېرىشى، پارتىيىنىڭ توغرا تەشەببۇسلىرىنى ئاممىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇشى لازىم. پارتىيە ئىستىلى مەسىلىسى، پارتىيىنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى پارتىيىنىڭ ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە، پارتىيە چىرىكلىككە قەتئىي ئېغىشماي قارشى تۇرۇشى، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى كېرەك.

تۆتىنچى، دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش. دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش يېتەكچىلىكىدىكى دېموكراتىيەنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىدىن ئىبارەت. ئۇ ھەم پارتىيىنىڭ تۈپ تەشكىلىي پرىنسىپى، شۇنداقلا ئاممىۋى لۇشيەننىڭ پارتىيە تۇرمۇشىدىكى تەتبىقلىنىشىدۇر. پارتىيە ئىچىدە دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى، ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. جەزمەن توغرا مەركەزلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ھەرىكەت بىرلىكىگە، پارتىيە قارارلىرىنىڭ تېز ۋە ئۈنۈملۈك ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تەشكىلچانلىقنى ۋە ئىنتىزامچانلىقنى كۈچەيتىش لازىم، پارتىيە ئىنتىزامى ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر. پارتىيە ئۆزىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى توغرا قانات يايدۇرۇشى، پرىنسىپال مەسىلىلەردە ئىدىيىۋى كۆرەش ئېلىپ بېرىشى، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، خاتالىقنى تۈزىتىشى كېرەك. مەركەزلەشتۈرۈشمۇ بولغان، دېموكراتىيىمۇ بولغان، ئىنتىزاممۇ بولغان، ئەركىنلىكمۇ بولغان، ئىرادە بىرلىكمۇ بولغان، شەخسلەرنىڭ كۆڭۈل ئازادىلىكمۇ بولغان جانلىق ۋە تېتىك سىياسىي ۋەزىيەتنى تىرىشىپ يارىتىشى لازىم.

پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ئاساسەن سىياسىي، ئىدىيىۋى ۋە تەشكىلىي رەھبەرلىك. پارتىيە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىشى، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشى ۋە ياخشىلىشى كېرەك. پارتىيە جەزمەن كۈچنى توپلاپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا رەھبەرلىك قىلىشى، ھەر ساھەدىكى كۈچلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە ماسلاشتۇرۇپ، بىر نىيەتتە تەڭ كۈچ چىقىرىپ، خىزمەتلەرنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى دەۋرىي قىلىپ قانات يايدۇرۇشى لازىم. پارتىيە دېموكراتىك ۋە ئىلمىي ئاساستا تەدبىر كۆرۈش ئىشىنى يولغا قويۇشى، توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈشى ۋە ئىجرا قىلىشى، ئۆزىنىڭ تەشكىلىي خىزمىتى ۋە تەشۋىقات-تەربىيە خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى، پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق ۋە نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم. پارتىيە ئۆز پائالىيىتىنى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىشى كېرەك. پارتىيە دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى، ئەدلىيە ئورگانلىرى ۋە مەمۇرىي ئورگانلىرىنىڭ، ئىقتىسادىي تەشكىلاتلىرى، مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋە خەلق تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆز خىزمىتىنى ئاكتىپلىق-تەشەببۇسكارلىق بىلەن، ئۆز ئالدىغا مەسئۇل بولۇپ، بىردەك ماسلىشىپ ئىشلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈشى لازىم. پارتىيە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپا-

قى، ئاياللار بىرلەشمىسى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم. پارتىيە ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە ئەھۋالنىڭ ئۆزگىرىشىگە يارىشا رەھبەرلىك شەكلى ۋە ئۇسۇلىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشى، رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. كومپارتىيە ئەزالىرى پارتىيە سىرتىدىكى ئامما بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى لازىم.

## 1-باب پارتىيە ئەزالىرى

**1-ماددا** جۇڭگونىڭ يېشى 18گە تولغان ئىشچىلىرى، دېھقانلىرى، ھەربىيلىرى، زىيالىيلىرى ۋە باشقا ئىنقىلابىي كىشىلىرىدىن پارتىيىنىڭ پروگراممىسى ۋە نىزامنامىسىنى ئېتىراپ قىلىدىغان، پارتىيىنىڭ بىرەر تەشكىلاتىغا قاتنىشىشنى ھەمدە ئۇنىڭدا ئاكتىپ ئىشلەشنى، پارتىيىنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىشنى ۋە ۋاقتى-قەرەلىدە ئەزالىق بەدىلى تاپشۇرۇشنى خالايدىغانلار جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ.

**2-ماددا** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كوممۇنىستىك ئاڭغا ئىگە ئاۋانگارت جەڭچىسىدۇر.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى جان-دىلى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، ئۆزىنىڭ ھېچنېمىسىنى ئايىماي، كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا ئۆمۈرۋايەت كۈرەش قىلىشى شەرت.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى مەڭگۈ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئاددىي بىر ئەزاسىدۇر. كومپارتىيىنىڭ بارلىق ئەزالىرى قانۇن ۋە سىياسەتتە بەلگىلەنگەن دائىرىدىكى شەخسىي مەنپەئەت ۋە خىزمەت ھوقۇقىدىن باشقا، ھەرقانداق خۇسۇسىي مەنپەئەت ۋە ئىمتىيازنى كۆزلىمەسلىكى كېرەك.

**3-ماددا** پارتىيە ئەزالىرى تۆۋەندىكى مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىشى شەرت:

1) ماركسىزم-لېنىنىزمنى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت ۋە قارارلىرىنى، پارتىيىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى، ئىلىم-پەننى، مەدەنىيەتنى ۋە كەسپىي بىلىملەرنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىش، خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش.

2) پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا باشلامچىلىق بىلەن قاتنىشىپ، ئاممىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۈچۈن جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رول ئويناش.

3) قەتئىي ئېغىشماي پارتىيە ۋە خەلق مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇش، شەخسىي مەنپەئەتنى

پارتىيە ۋە خەلق مەپەئەتىگە بويسۇندۇرۇش، جاپا چېكىشتە ئالدىدا، ھالاۋەت كۆرۈشتە ئارقىدا تۇرۇش، ئۆز نەپسىدىن كېچىپ ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەش، كۆپرەك تۆھپە قوشۇش.

4) پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنىغا ئاڭلىق رىئايە قىلىش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەخپىيىتىنى قاتتىق ساقلاش، پارتىيىنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىش، تەشكىلىنىڭ تەقسىماتىغا بويسۇنۇش، پارتىيىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئاكتىپ ئورۇنداش.

5) پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىنى قوغداش، پارتىيىگە سادىق بولۇش، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولۇش، بارلىق مەزھەپچىلىك تەشكىلاتلىرىغا ۋە گۇرۇھۋازلىق ھەرىكەتلىرىگە، كۆرۈنۈشتە ئەمەل قىلغان بولۇپ، ئاستىرتتىن خىلاپلىق قىلىدىغان ئىككى يۈزلىمىلىككە ۋە بارلىق سۇيىقەست ھەم ھىيلە-مىكىرلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇش.

6) تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى ھەقىقىي قانات يايدۇرۇش، خىزمەتتىكى كەمچىلىك ۋە خاتالىقلارنى دادىل ئېچىپ تاشلاش ھەم تۈزىتىش، پاسسىپلىق، چىرىكلىكلەرگە قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش.

7) ئامما بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت باغلاش، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى ئاممىغا تەشۋىق قىلىش، ئامما بىلەن بامەسلىھەت ئىش قىلىش، ئاممىنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى پارتىيىگە ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىش، ئاممىنىڭ ھەققانىي مەنپەئەتىنى قوغداش.

8) سوتسىيالىستىك يېڭى كەيپىياتنى جارى قىلدۇرۇش، كوممۇنىستىك ئەخلاقنى تەشەببۇس قىلىش، دۆلەتنىڭ ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، ھەممە قىيىن ۋە خەتەرلىك پەيتلەردە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىش، قۇربان بېرىشتىن قورقماسلىق.

**4-ماددا** پارتىيە ئەزالىرى تۆۋەندىكى ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ:

1) پارتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك يىغىنلىرىغا قاتنىشىدۇ، پارتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىنى كۆرىدۇ، پارتىيىنىڭ تەربىيىسىنى ۋە تەلىمىنى ئالىدۇ.

2) پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىگە دائىر مەسىلىلەر ئۈستىدە پارتىيىنىڭ يىغىنلىرىدا ۋە پارتىيە گېزىت-ژۇرناللىرىدا ئېلىپ بېرىلغان مۇھاكىمىگە قاتنىشىدۇ.

3) پارتىيە خىزمىتى توغرىسىدا تەكلىپ ۋە تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

4) پارتىيە يىغىنلىرىدا پارتىيىنىڭ ھەرقانداق تەشكىلاتىنى ۋە ھەرقانداق ئەزاسىنى پاكىت ئاساسىدا تەنقىد قىلىدۇ، پارتىيە ئالدىدا پارتىيىنىڭ ھەرقانداق تەشكىلاتى ۋە ھەرقانداق ئەزاسىنىڭ قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپ ئىشلىرىنى جاۋابكارلىق بىلەن پاش قىلىدۇ، ئاشكارىلايدۇ، قانۇن-ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرىنى جازالاشنى تەلەپ قىلىدۇ، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغان كادىرلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش ياكى يەڭگۈشلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

5) ئاۋاز بېرىش ۋە سايلاش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ، سايلىنىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.

6) پارتىيە تەشكىلاتى پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيە ئىنتىزام جازاسى بېرىشنى مۇزاكىرە قىلىپ قارار قىلىدىغان ياكى ئۇلارنى باھالايدىغان چاغدا، شۇ كىشىنىڭ ئۆزى قاتنىشىشقا ۋە ئۆزىنى ئاقلاشقا ھوقۇقلۇق،

پارتىيىنىڭ باشقا ئەزالىرى ئۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەرسە ۋە ئۇنى ئاقلىسا بولىدۇ.

7) پارتىيىنىڭ قارارى ۋە سىياستىگە باشقىچە پىكرى بولسا، قارار ۋە سىياسەتنى قەتئىي ئىجرا قىلىش شەرتى ئاستىدا، ئۆز پىكرىدە قالىدىغانلىقنى بىلدۈرسە ھەمدە ئۆز پىكرىنى پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتىغا ھەتتا مەركىزىي كومىتېتقىچە سۇنسا بولىدۇ.

8) پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتىغا ھەتتا مەركىزىي كومىتېتقىچە ئىلتىماس، شىكايەت ۋە ئەرز سۇنالايدۇ ھەمدە مۇناسىۋەتلىك تەشكىلاتنىڭ مەسئۇللۇق بىلەن جاۋاب بېرىشىنى تەلەپ قىلالايدۇ.

پارتىيىنىڭ ھەرقانداق تەشكىلاتىنىڭ ھەتتا مەركىزىي كومىتېتنىڭ پارتىيە ئەزالىرىنى يۇقىرىدىكى ھوقۇقلاردىن مەھرۇم قىلىشقا ھەققى يوق.

**5-ماددا** پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش ئىشىنى پارتىيە ياچېيكىسى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىش، ئايرىم-ئايرىم قوبۇل قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچى پارتىيىگە كىرىش تەلەپنامىسىنى تولدۇرىدۇ، ئىككى نەپەر رەسمىي پارتىيە ئەزاسى تونۇشتۇرغۇچى بولىدۇ، ياچېيكا يىغىنىنىڭ ماقۇللىشى ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تەستىقى بىلەن شۇنىڭدەك كاندىداتلىق مۇددىتىدە سىنالغاندىن كېيىن، ئاندىن رەسمىي پارتىيە ئەزاسى بولىدۇ.

تونۇشتۇرغۇچىلار ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ ئىدىيىسى، پەزىلىتى، تارىخىنى ۋە خىزمەتتىكى ئىپادىسىنى ئەستايىدىل ئىگىلىشى، ئۇنىڭغا پارتىيە پروگراممىسى ۋە نىزامنامىسىنى، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ شەرتى، مەجبۇرىيىتى ۋە ھوقۇقىنى چۈشەندۈرۈشى ھەمدە بۇ ھەقتە پارتىيە تەشكىلاتىغا مەسئۇللۇق بىلەن دوكلات قىلىشى كېرەك.

پارتىيىنىڭ ياچېيكا كومىتېتى پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغۇچى ئۈستىدە پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئاممىدىن پىكىر ئېلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى، قاتتىق تەكشۈرۈش ئارقىلىق لاياقەتلىك دەپ ھېسابلىسا، ئاندىن ياچېيكا يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇشى كېرەك.

پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتى ئىلتىماس قىلغۇچىنىڭ پارتىيىگە كىرىشنى تەستىقلاشتىن ئاۋۋال، ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشىشكە ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشىنىشى ھەمدە ئۇنىڭ پارتىيىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىشى لازىم.

ئالاھىدە ئەھۋاللاردا، پارتىيىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك كومىتېتلىرى پارتىيىگە بىۋاستە ئەزا قوبۇل قىلسا بولىدۇ.

**6-ماددا** كاندىدات پارتىيە ئەزاسى پارتىيە بايرىقى ئالدىدا تۇرۇپ پارتىيىگە قەسەم بېرىشى كېرەك. قەسەمنامە مۇنداق: مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئۆز ئىختىيارىم بىلەن كىردىم، پارتىيە پروگراممىسىنى ھىمايە قىلىمەن، پارتىيە نىزامنامىسىگە ئەمەل قىلىمەن، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىمەن، پارتىيىنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىمەن، پارتىيە ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىمەن، پارتىيە مەخپىيىتىنى ساقلايمەن، پارتىيىگە سادىق بولىمەن، ئاكتىپ ئىشلەيمەن، كوممۇنىزم ئۈچۈن ئۆمۈرۋايەت كۈرەش

قىلمەن، پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن بارلىقىمنى قۇربان قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرىمەن، پارتىيىگە مەڭگۈ ئاسىيلىق قىلمايمەن.

**7-ماددا** كاندىدات پارتىيە ئەزاسىنىڭ كاندىداتلىق مۇددىتى بىر يىل بولىدۇ. پارتىيە تەشكىلاتى كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىنى ئىخلاس بىلەن تەربىيىلىشى ۋە كۆزىتىشى لازىم.

كاندىدات پارتىيە ئەزاسىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى رەسمىي پارتىيە ئەزالىرىنىڭكىگە ئوخشاش بولىدۇ. كاندىدات پارتىيە ئەزاسى، ئاۋاز بېرىش، سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقى يوقلۇقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، رەسمىي پارتىيە ئەزالىرى بىلەن ئوخشاش ھوقۇقتا ئىگە.

كاندىدات پارتىيە ئەزاسىنىڭ كاندىداتلىق مۇددىتى توشقاندا، پارتىيە ياچېيكىسى ئۇنىڭ رەسمىي پارتىيە ئەزالىقىغا ئۆتەلىشى ياكى ئۆتەلمەسلىكىنى ئۆز ۋاقتىدا مۇزاكىرە قىلىشى لازىم. كاندىدات پارتىيە ئەزالىرىدىن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئەستايىدىل ئادا قىلغان، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ شەرتلىرىنى ھازىرلىغانلار ئۆز ۋاقتىدا رەسمىي پارتىيە ئەزالىقىغا ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك؛ داۋاملىق كۆزىتىش ۋە تەربىيىلەش لازىم بولغانلىرىنىڭ كاندىداتلىق مۇددىتىنى ئۇزارتىشقا بولىدۇ، لېكىن ئۇزارتىلغان ۋاقتى بىر يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك؛ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلمىغان، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ شەرتلىرىنى ھازىرلىمىغانلارنىڭ كاندىدات پارتىيە ئەزاسى بولۇش لاياقىتىنى ئېلىپ تاشلاش كېرەك. كاندىدات پارتىيە ئەزاسىنىڭ رەسمىي پارتىيە ئەزالىقىغا ئۆتكۈزۈلۈشى ياكى كاندىداتلىق مۇددىتىنىڭ ئۇزارتىلىشى ۋە ياكى كاندىدات پارتىيە ئەزاسى بولۇش لاياقىتىنىڭ ئېلىپ تاشلىنىشى ياچېيكا يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىشىدىن ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك.

كاندىدات پارتىيە ئەزاسىنىڭ كاندىداتلىق مۇددىتى ياچېيكا يىغىنى ئۇنى كاندىدات پارتىيە ئەزالىقىغا ماقۇللىغان كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ. پارتىيە ئەزاسىنىڭ پارتىيە ستاژى كاندىداتلىق مۇددىتى توشۇپ رەسمىي پارتىيە ئەزالىقىغا ئۆتكەن كۈندىن باشلاپ ھېسابلىنىدۇ.

**8-ماددا** ھەربىر پارتىيە ئەزاسى، خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پارتىيىنىڭ بىرەر ياچېيكىسى، بىرەر گۇرۇپپىسىدا ياكى باشقا مۇئەييەن تەشكىلاتىدا پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىغا قاتنىشىشى، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار پارتكوم، پارتگۇرۇپپىلىرىنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىغىمۇ قاتنىشىشى كېرەك. پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىغا قاتناشمايدىغان، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاممىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلمايدىغان ھەرقانداق ئالاھىدە پارتىيە ئەزاسىنىڭ بولۇشىغا يول قويۇلمايدۇ.

**9-ماددا** پارتىيە ئەزاسى پارتىيىدىن چىقىپ كېتىش ئەركىنلىكىگە ئىگە. پارتىيە ئەزاسى پارتىيىدىن چىقىپ كېتىشنى تەلەپ قىلسا، ياچېيكا يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن رويخەتتىن ئۆچۈرۈلگەندىلىكى جاكارلىنىشى ھەم يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىغا ئەنگە ئالدۇرۇلۇشى لازىم.

ئىنقىلابىي ئىرادىسى ئاجىزلىشىپ كەتكەن، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلمىغان، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ شەرتىگە لايىق بولمىغان پارتىيە ئەزاسىغا پارتىيە ياچېيكىسى تەربىيە بېرىپ، ئۇنىڭدىن

بەلگىلەنگەن مۆھلەت ئىچىدە ئۇنى تۈزىتىشنى تەلەپ قىلىشى لازىم؛ تەربىيە بېرىلسىمۇ تۈزەلمىگەن پارتىيە ئەزاسىنى نەسىھەت بىلەن پارتىيىدىن چېكىندۈرۈش كېرەك؛ پارتىيە ئەزاسىنى نەسىھەت بىلەن پارتىيىدىن چېكىندۈرۈشنى ياچېيكا يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسى بىلەن قارار قىلىش ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىغا تەستىقلىتىش كېرەك. نەسىھەت بىلەن پارتىيىدىن چېكىندۈرۈلىدىغان پارتىيە ئەزاسى چېكىنىشكە ئۇنىماي تۇرۇۋالسا، ياچېيكا يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسىگە قويۇپ، ئۇنىڭ رويخەتتىن ئۆچۈرۈلگەنلىكىنى قارار قىلىش ھەمدە يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىغا تەستىقلىتىش لازىم.

پارتىيە ئەزاسى ئورۇنسىز سەۋەبلەر بىلەن ئۇدا ئالتە ئايغىچە پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىغا قاتناشمىسا ياكى ئەزالىق بەدىلى تاپشۇرمىسا ۋە ياكى پارتىيە تەقسىم قىلغان خىزمەتنى ئىشلىمىسە، پارتىيىدىن ئۆزلۈكىدىن ئايرىلغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ياچېيكا يىغىنى بۇنداق پارتىيە ئەزاسىنى رويخەتتىن ئۆچۈرۈشنى قارار قىلىشى ھەم يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىغا تەستىقلىتىشى لازىم.

## 2-باب پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمى

**10-ماددا** پارتىيە—ئۆزىنىڭ پروگراممىسى ۋە نىزامنامىسىگە ئاساسەن، دېموكراتىيە- مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بويىچە تەشكىل قىلىنغان بىر پۈتۈن گەۋدە. پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە- مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى مۇنۇلار:

1) پارتىيە ئازاسى پارتىيە تەشكىلاتىغا بويسۇنىدۇ، ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنىدۇ، تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلات يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتقا بويسۇنىدۇ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ھەممە تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق ئەزالىرى پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىغا ۋە مەركىزىي كومىتېتىغا بويسۇنىدۇ.

2) پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلىرىنىڭ ئۆزلىرى تەسىس قىلغان ۋاكالەت ئورگانلىرى ۋە پارتىيىسىز تەشكىلاتلاردىكى پارتگۇرۇپپىلاردىن باشقىلىرى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ.

3) پارتىيىنىڭ ئالىي رەھبىرىي ئورگىنى—پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى ۋە ئۇ ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن مەركىزىي كومىتېت. پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلىرى—پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇلار ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن كومىتېتلار. پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى شۇ دەرىجىلىك قۇرۇلتايلار ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ۋە ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ.

4) پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ ۋە پارتىيە ئەزالىرى ئاممىسىنىڭ پىكرىنى دائىم ئاڭلاپ تۇرۇشى، ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىشى لازىم. پارتىيىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ھەم ئۆز خىزمىتى ئۈستىدە يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلاردىن يوليورۇق سورىشى ۋە ئۇلارغا ئۆز خىزمىتىدىن دوكلات بېرىشى، ھەم ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىدىكى مەسىلىلەرنى ئۆز ئالدىغا مەسئۇلىيەتلىك بىلەن ھەل قىلىشى لازىم. يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلار بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلار بىر-بىرى بىلەن خەۋەرلىشىپ تۇرۇشى، بىر-بىرىنى

قوللىشى ۋە بىر-بىرىنى نازارەت قىلىشى لازىم. پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى پارتىيە ئەزالىرىنى پارتىيىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىدىن تېخىمۇ كۆپرەك ۋاقىپلاندۇرۇشى ۋە ئۇنىڭغا قاتناشتۇرۇشى كېرەك.

5) پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىدا كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىش بىلەن شەخسلەر ئىش تەقسىم قىلىۋېلىپ مەسئۇل بولۇشنى بىرلەشتۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى پارتىيە كومىتېتى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق قارار قىلىدۇ؛ كومىتېت ئەزالىرى كوللېكتىپنىڭ قارارى ۋە ئىش تەقسىماتى بويىچە ئۆز بۇرچىنى ھەققىي تۈردە ئادا قىلىشى كېرەك.

6) پارتىيە شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ ھەرقانداق تۈرىنى مەنئى قىلىدۇ. پارتىيە ئۆز رەھبەرلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ پارتىيە ۋە خەلقنىڭ نازارىتىدە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بارلىق رەھبەرلەرنىڭ ئىناۋىتىنى قوغدايدۇ.

**11-ماددا** پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى ۋە كومىتېتلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە سايلىغۇچىلارنىڭ ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش لازىم. سايلامدا يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. نامزاتلارنىڭ ئىسىملىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە سايلىغۇچىلارنىڭ تولۇق كېڭىشىشىدىن ھەم مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. نامزاتلار سانى سايلىنىدىغانلار سانىدىن كۆپ بولىدىغان ئارتۇق نامزاتلىق سايلام چارىسىنى بىۋاسىتە قوللىنىپ، رەسمىي سايلام ئۆتكۈزۈلسە بولىدۇ. ئاۋۋال ئارتۇق نامزاتلىق سايلام چارىسىنى قوللىنىپ، تەييارلىق سايلىمى ئۆتكۈزۈپ، نامزاتلارنىڭ ئىسىملىكىنى بارلىققا كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن رەسمىي سايلام ئۆتكۈزۈلسىمۇ بولىدۇ. سايلىغۇچىلار نامزاتلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە، نامزاتلارنى ئالماشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىشقا، ھەرقانداق بىر نامزاتنى سايلىماسلىققا ۋە باشقىلارنى سايلاشقا ھوقۇقلۇق. ھەرقانداق تەشكىلات ۋە شەخسنىڭ ھەرقانداق يول بىلەن سايلىغۇچىلارنى مەلۇم بىر كىشىنى سايلاش ياكى سايلىماسلىققا زورلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋە ئاساسىي قاتلام قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلىمىدا پارتىيە نىزامنامىسىگە خىلاپ كېلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلسە، پارتىيىنىڭ بىر دەرىجە يۇقىرى كومىتېتى تەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن، سايلامنى ئىناۋەتسىز قىلىش ۋە مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىش توغرىسىدا قارار چىقىرىشى ھەمدە ئۇنى ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەكشۈرۈشىگە سۇنۇپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن رەسمىي ئېلان قىلىپ ئىجرا قىلىشى لازىم.

**12-ماددا** پارتىيىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى زۆرۈر تېپىلغاندا ۋەكىللەر يىغىنى چاقىرىپ، ۋاقتىدا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارسا ۋە قارار چىقارسا بولىدۇ. ۋەكىللەر يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنىڭ سانىنى ۋە ئۇلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش چارىسىنى ۋەكىللەر يىغىنىنى چاقىرغۇچى كومىتېت بەلگىلەيدۇ.

**13-ماددا** يېڭى پارتىيە تەشكىلاتى قۇرۇشقا ياكى بۇرۇنقى پارتىيە تەشكىلاتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا توغرا كەلسە، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتى قارار قىلىشى شەرت.

پارتىيىنىڭ مەركىزىي كومىتېتى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى ۋاكالەت ئورگانلىرىنى تەسىس

قىلسا بولىدۇ.

پارتىيىنىڭ بىرلىك ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام قۇرۇلتايلىرى يىغىلمىغان مەزگىلدە، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى زۆرۈر تاپسا، تۆۋەن دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىنى يۆتكەيدۇ ياكى تەيىنلەيدۇ.

**14-ماددا** پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلىرى تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلارغا دائىر مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدە قارار چىقىرىدىغان چاغدا، ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا، تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ پىكرىنى ئېلىشى كېرەك. تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى نورمال يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلار بىرتەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك بولغانلىكى مەسىلىلەرگە، ئالاھىدە ئەھۋال بولمىسا، يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلار ئارىلىشىۋالماسلىقى كېرەك.

**15-ماددا** مەملىكەت خاراكتېرلىك مۇھىم سىياسەت مەسىلىلىرى ئۈستىدە قارار چىقىرىشقا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىلا ھوقۇقلۇق، ھەرقايسى تارماقلار ۋە جايلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى بۇ ھەقتە مەركىزىي كومىتېتقا تەكلىپ بەرسە بولىدۇ، لېكىن ئۆز ئالدىغا قارار چىقارماسلىقى ۋە ئۆز تەشەببۇسىنى سىرتقا ئېلان قىلماسلىقى شەرت.

پارتىيىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ قارارىنى قەتئىي ئىجرا قىلىشى كېرەك. ئەگەر تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلار يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ قارارىنى ئۆز رايونى ۋە ئۆز تارمىقىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ دەپ ھېسابلىسا، ئۆزگەرتىشنى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ ئەگەر يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ئەسلىدىكى قاراردا چىڭ تۇرسا، تۆۋەن دەرىجىلىك تەشكىلاتلار ئۇنى ئىجرا قىلىشى ھەمدە ئۆزىنىڭ باشقىچە پىكرىنى ئاشكارا ئېلان قىلماسلىقى شەرت، لېكىن بۇ پىكرىنى يەنە بىر دەرىجە يۇقىرى پارتىيە تەشكىلاتىغا مەلۇم قىلىشقا ھوقۇقلۇق.

پارتىيە ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ گېزىت-ژۇرناللىرى ۋە باشقا تەشۋىقات قوراللىرى پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت ۋە قارارلىرىنى تەشۋىق قىلىشى شەرت.

**16-ماددا** پارتىيە تەشكىلاتى مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە ئارقىلىق قارار قىلىشتا، ئازچىلىق كۆپچىلىككە بويسۇنۇش پرىنسىپىنى ئىجرا قىلىشى شەرت. مۇھىم مەسىلىلەرنى قارار قىلىشتا ئۇنى ئاۋازغا قويۇشى كېرەك. ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ باشقىچە پىكىرلىرى ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىشى كېرەك. ئەگەر مۇھىم مەسىلىلەردە تالاش-تارتىش بولۇپ قېلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئادەم سانىدا كۆپ پەرق بولمىسا، جىددىي ئەھۋال ئاستىدا كۆپ سانلىق كىشىنىڭ پىكرى بويىچە ئىجرا قىلىش كېرەكلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قارار قىلىشنى ۋاقتىنچە كېچىكتۈرۈپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، پىكىر ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، كېلەر قېتىمدا قايتا ئاۋازغا قويۇش كېرەك؛ ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا، تالاش-تارتىش ئەھۋالىنى يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتقا مەلۇم قىلىپ، كېسىم قىلىشنى ئىلتىماس قىلسىمۇ بولىدۇ.

پارتىيە ئەزاسى پارتىيە تەشكىلاتىغا ۋاكالىتەن ئېلان قىلماقچى بولغان مۇھىم تەشەببۇسنىڭ پارتىيە

تەشكىلاتنىڭ مەۋجۇت قارارى دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىدىغان يېرى بولسا، ئۇنى ئۆزى تۇرۇشلۇق پارتىيە تەشكىلاتنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشىگە سۇنۇشى ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىدىن يوليورۇق سورىشى شەرت. ھەرقانداق پارتىيە ئەزاسى ۋەزىپىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇھىم مەسىلىلەرنى ئۆز ئالدىغا قارار قىلسا بولمايدۇ؛ جىددىي ئەھۋالغا دۇچ كېلىپ قېلىپ، ئۆز ئالدىغا قارار قىلىشقا توغرا كەلسە، قارار قىلغاندىن كېيىن تېزلىكتە پارتىيە تەشكىلاتىغا مەلۇم قىلىشى كېرەك. ھەرقانداق رەھبەرنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشىغا ۋە ئۆزىنى تەشكىلدىن ئۈستۈن قويۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

**17-ماددا** پارتىيىنىڭ مەركىزىي، يەرلىك ۋە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشى، پارتىيىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىنى، تەلىم-تەربىيە خىزمىتىنى، تەشكىلات خىزمىتىنى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش خىزمىتىنى، ئاممىۋى خىزمىتىنى، بىرلىك سەپ خىزمىتىنى ۋە باشقا خىزمەتلىرىنى دائىم مۇھاكىمە قىلىپ ۋە تەكشۈرۈپ تۇرۇشى، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىدىيىۋى-سىياسىي ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك.

## 3-باب پارتىيىنىڭ مەركىزىي تەشكىلاتلىرى

**18-ماددا** پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيى بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئۇنى مەركىزىي كومىتېت چاقىرىدۇ. مەركىزىي كومىتېت زۆرۈر تاپسا ياكى پارتىيىنىڭ ئۆلكە دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۈچتىن بىرىدىن كۆپرەكى تەلەپ قىلسا، مەملىكەتلىك قۇرۇلتاينى مۇددەتتىن ئىلگىرى ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ؛ پەۋقۇلئاددە ئەھۋال بولمىسا، كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ.

مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ سانىنى ۋە سايلام چارىسىنى مەركىزىي كومىتېت بەلگىلەيدۇ.

**19-ماددا** پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى مۇنۇلار:

1) مەركىزىي كومىتېتنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلايدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ؛
2) مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلايدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ؛
3) پارتىيىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىدۇ ۋە بېكىتىدۇ؛
4) پارتىيە نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزىدۇ؛
5) مەركىزىي كومىتېتنى سايلايدۇ؛
6) مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنى سايلايدۇ.

**20-ماددا** پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەكىللەر يىغىنىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى مۇنۇلار: مۇھىم مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىدۇ ۋە قارار قىلىدۇ؛ مەركىزىي كومىتېتنىڭ، مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ قىسمەن ئەزالىرىنى تەڭشەيدۇ ۋە كۆپەيتىپ سايلايدۇ. مەركىزىي كومىتېتنىڭ تەڭشىلىدىغان ۋە كۆپەيتىپ سايلىنىدىغان ئەزالىرىنىڭ ۋە كاندىدات ئەزالىرىنىڭ سانى پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا

سايلانغان ئەزالىرىنىڭمۇ ۋە كاندىدات ئەزالىرىنىڭمۇ ئومۇمىي سانىنىڭ بەشتىن بىر قىسمىدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك.

**21-ماددا** پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى بەش يىل بولىدۇ. مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي مۇددەتتىن ئىلگىرى ئۆتكۈزۈلسە ياكى كېچىكتۈرۈلسە، ئۇنىڭ ۋاكالەت مۇددىتى شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆزگەرتىلىدۇ. مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى ۋە كاندىدات ئەزالىرى بەش يىلدىن ئارتۇق پارتىيە ستاژىغا ئىگە بولغان بولۇشى شەرت. مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى ۋە كاندىدات ئەزالىرىنىڭ سانىنى مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي بەلگىلەيدۇ. مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ ئورنى بوش قالغاندا، مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزالىرى ئىچىدىن سايلامدا ئىگە بولغان ئاۋاز سانىغا قاراپ تەرتىپ بويىچە تولدۇرۇلىدۇ.

مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى تەرىپىدىن چاقىرىلىدۇ، يىلىغا كەم دېگەندە بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ.

مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي يېپىق مەزگىلدە، مەركىزىي كومىتېت مەملىكەتلىك قۇرۇلتاينىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ، پارتىيىنىڭ پۈتكۈل خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ، تاشقى مۇناسىۋەتتە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

**22-ماددا** پارتىيىنىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېتىنى ۋە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسىنى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى سايلايدۇ. مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن بولۇشى شەرت.

مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنلىرى يېپىق مەزگىلدە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ.

مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى؛ ئۇنىڭ تەركىبىدىكىلەرنى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېتى كۆرسىتىدۇ، مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللايدۇ.

مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ يىغىنىنى ۋە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىشقا مەسئۇل بولىدۇ ھەمدە مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

پارتىيە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ تەركىبىدىكى خادىملارنى مەركىزىي كومىتېت بەلگىلەيدۇ.

ھەر نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتتا ۋۇجۇدقا كەلگەن مەركىزىي رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرى ۋە مەركەز رەھبەرلىرى، كېلەر نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي ئېچىلىپ، كېلەر نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتتا يېڭى مەركىزىي رەھبەرلىك ئاپپاراتلىرى ۋە مەركەز رەھبەرلىرى ۋۇجۇدقا كەلگىچە، پارتىيىنىڭ دائىملىق خىزمىتىنى داۋاملىق باشقۇرىدۇ.

**23-ماددا** جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى مەركىزىي كومىتېتنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئىشلەيدۇ. مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ سىياسىي خىزمەت ئورگىنى — جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش سىياسىي بۆلۈمى، باش سىياسىي بۆلۈم ئارمىيىدىكى پارتىيە خىزمىتىنى ۋە سىياسىي خىزمەتنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولىدۇ. پارتىيىنىڭ ئارمىيىدىكى تەشكىلىي تۈزۈلۈشى ۋە ئاپپاراتىنى مەركىزىي ھەربىي كومىتېت بەلگىلەيدۇ.

## 4-باب پارتىيىنىڭ يەرلىك تەشكىلاتلىرى

**24-ماددا** ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر، رايونلۇق شەھەر ۋە ئاپتونوم ئوبلاستلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلتايلىرى بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ.

ناھىيە (خوشۇن)، ئاپتونوم ناھىيە، رايونسىز شەھەر ۋە شەھەرگە قاراشلىق رايونلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلتايلىرى بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ.

پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرىنى پارتىيىنىڭ شۇ دەرىجىلىك كومىتېتلىرى چاقىرىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا، بىر دەرىجە يۇقىرى كومىتېتنىڭ تەستىقى بىلەن، مۇددەتتىن ئىلگىرى ياكى كېچىكتۈرۈپ ئۆتكۈزۈشكە بولىدۇ.

پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرى ۋەكىللىرىنىڭ سانىنى ۋە سايلام چارىسىنى پارتىيىنىڭ شۇ دەرىجىلىك كومىتېتلىرى بەلگىلەيدۇ ھەمدە بىر دەرىجە يۇقىرى پارتىيە كومىتېتىغا تەستىقلىتىدۇ.

**25-ماددا** پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقى مۇنۇلار:

1) ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك كومىتېتنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلايدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ؛

2) ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلايدۇ ۋە تەكشۈرىدۇ؛

3) ئۆز رايونى تەۋەسىدىكى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزىدۇ ۋە قارار چىقىرىدۇ؛

4) پارتىيىنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك كومىتېتىنى سايلايدۇ، پارتىيىنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنى سايلايدۇ.

**26-ماددا** پارتىيىنىڭ ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر، رايونلۇق شەھەر ۋە ئاپتونوم ئوبلاست دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى بەش يىل بولىدۇ. بۇ كومىتېتلارنىڭ ئەزالىرى ۋە كاندىدات ئەزالىرى بەش يىلدىن ئارتۇق پارتىيە ستاژىغا ئىگە بولغان بولۇشى شەرت.

پارتىيىنىڭ ناھىيە (خوشۇن)، ئاپتونوم ناھىيە، رايونسىز شەھەر ۋە شەھەرگە قاراشلىق رايون دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى بەش يىل بولىدۇ. بۇ كومىتېتلارنىڭ ئەزالىرى ۋە كاندىدات ئەزالىرى ئۈچ يىلدىن ئارتۇق پارتىيە ستاژىغا ئىگە بولغان بولۇشى شەرت.

پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرى مۇددەتتىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈلسە ياكى كېچىكتۈرۈلسە،

ئۇ سايلاپ چىققان كومىتېتلارنىڭ ۋاكالەت مۇددىتى شۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆزگەرتىلىدۇ.

پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ ئەزالىرى ۋە كاندىدات ئەزالىرىنىڭ سانىنى ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى كومىتېتلار ئايرىم-ئايرىم بەلگىلەيدۇ. پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ ئەزالىرىنىڭ ئورنى بوش قالغاندا، كاندىدات ئەزالار ئېچىدىن سايلامدا ئىگە بولغان ئاۋاز سانىغا قاراپ تەرتىپ بويىچە تولدۇرۇلىدۇ.

پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى يىلىغا كەم دېگەندە ئىككى قېتىم چاقىرىلىدۇ.

پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى قۇرۇلتاي يېپىق مەزگىلدە، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ يوليورۇقلىرىنى ۋە ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ، ئۆز يېرىنىڭ خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ. پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كومىتېتلىرىغا ئۆز خىزمىتىدىن قەرەللىك دوكلات بېرىپ تۇرىدۇ.

**27-ماددا** پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى دائىمىي كومىتېتنى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلارنى سايلايدۇ ھەمدە ئۇنى يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىغا تەستىقلىتىدۇ. پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنى يېپىق مەزگىلدە كومىتېتنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ؛ كېلەر نۆۋەتلىك قۇرۇلتاي ئېچىلىپ يېڭى دائىمىي كومىتېت ۋۇجۇدقا كەلگىچە، دائىملىق خىزمەتلەرنى داۋاملىق باشقۇرىدۇ.

**28-ماددا** پارتىيىنىڭ ۋىلايەتلىك كومىتېتلىرى ۋە ۋىلايەتلىك كومىتېتقا تەڭ تەشكىلاتلىرى — پارتىيىنىڭ ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتلىرىنىڭ بىرنەچچە ناھىيە، ئاپتونوم ناھىيە، شەھەر دائىرىسىدە تەسىس قىلغان ۋاكالەت ئورگانلىرى. ئۇلار ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتلار بەرگەن ھوقۇققا بىنائەن، شۇ رايوندىكى خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىدۇ.

## 5-باب پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى

**29-ماددا** كارخانا، يېزا، ئىدارە، مەكتەپ، ئىلمىي تەتقىقات يۇرتى ۋە ئورنى، مەھەللە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ لېيەندۇيلىرى ۋە باشقا ئاساسىي قاتلام ئورۇنلاردا، ئۈچتىن ئارتۇق رەسمىي پارتىيە ئەزاسى بولسىلا، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى قۇرۇلۇشى كېرەك.

پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى خىزمەت ئېھتىياجىغا ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانىغا قاراپ، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ تەستىقى بىلەن، پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام كومىتېتىنى، باش ياچېيكا كومىتېتىنى، ياچېيكا كومىتېتىنى ئايرىم-ئايرىم تەسىس قىلىدۇ. ئاساسىي قاتلام كومىتېتىنى پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى ياكى قۇرۇلتىيى سايلايدۇ، باش ياچېيكا كومىتېتى ۋە ياچېيكا كومىتېتىنى پارتىيە ئەزالىرى يىغىنى سايلايدۇ.

**30-ماددا** پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام كومىتېتلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى ئۈچ يىل ياكى تۆت يىل بولىدۇ، باش ياچېيكا كومىتېتى، ياچېيكا كومىتېتىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى ئىككى يىل ياكى ئۈچ يىل بولىدۇ. ئاساسىي قاتلام كومىتېتلىرى، باش ياچېيكا كومىتېتلىرى، ياچېيكا كومىتېتلىرى سايلاپ چىققان شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلار يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا تەستىقلىتىلىشى كېرەك.

**31-ماددا** پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام ئىجتىمائىي تەشكىلاتلاردىكى جەڭگىۋار قورغىنى، پارتىيىنىڭ پۈتكۈل خىزمىتى ۋە جەڭگىۋارلىقىنىڭ ئاساسى. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مۇنۇلار:

1) پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ ۋە ئىجرا قىلىدۇ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ، يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلارنىڭ ۋە ئۆز تەشكىلاتىنىڭ قارارلىرىنى تەشۋىق قىلىدۇ ۋە ئىجرا قىلىدۇ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق ۋە نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى كادىرلار بىلەن ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆز ئورنىغا يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنى تىرىشىپ ئورۇندايدۇ.

2) پارتىيە ئەزالىرىنى ماركسىزم-لېنىنىزمنى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ۋە پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى شۇنىڭدەك قارارلىرىنى، پارتىيىگە دائىر ئاساسىي بىلىملەرنى، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ۋە كەسپىي بىلىملەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرىدۇ.

3) پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەيدۇ، باشقۇرىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرىدۇ، پارتىيىۋىلىكىنى كۈچەيتىدۇ، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشىنى چىڭىتىدۇ، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى قانات يايدۇرىدۇ، پارتىيە ئىنتىزامىنى قوغدايدۇ ۋە ئىجرا قىلىدۇ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئادا قىلىشىغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقىنىڭ دەخلى-تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

4) ئاممىلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەت باغلايدۇ، ئاممىنىڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىنىڭ خىزمىتى ئۈستىدىكى تەنقىد ۋە پىكىرلىرىنى دائىم ئىگىلەپ تۇرىدۇ، ئاممىنىڭ ھەققانىي ھوقۇقى ۋە مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ، ئاممىغا قارىتىلغان ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەيدۇ.

5) پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى، ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق كىشىلەرنى بايقاپ، يېتىشتۈرۈپ ۋە كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى تەقدىم قىلىشىغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىدۇ.

6) پارتىيىگە كىرىشنى ئىلتىماس قىلغان ئاكتىپلارنى تەربىيىلەيدۇ ۋە يېتىشتۈرىدۇ، پارتىيىگە ئەزا قوبۇل قىلىش جەھەتتىكى دائىملىق خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلەيدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەتنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار ئارىسىدىكى مۇنەۋۋەرلەرنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىشقا ئەھمىيەت

بېرىدۇ.

7) پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ۋە باشقا ھەممە خادىملارنىڭ دۆلەت قانۇنىغا ۋە مەمۇرىي ئىنتىزامغا، دۆلەتنىڭ مالىيە-ئىقتىسادقا دائىر نىزاملىرىغا ۋە كادىرلار تۈزۈمىگە قاتتىق رىئايە قىلىشىغا، دۆلەتنىڭ، كوللېكتىپنىڭ ۋە ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە چېقىلماسلىقىغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ.

8) ناچار خاھىشلارغا ئاكتىپ قارشى تۇرۇش، قانۇنغا خىلاپ تۈرلۈك جىنايى قىلمىشلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش قىلىش توغرىسىدا پارتىيە ئەزالىرىغا ۋە ئاممىغا تەربىيە بېرىدۇ.

32-ماددا پارتىيىنىڭ مەھەللە، يېزا، بازارلىق ئاساسىي قاتلام كومىتېتلىرى ۋە كەنتلىك پارتىيە ياچېيكىسى شۇ رايوننىڭ خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ، مەمۇرىي تەشكىلاتلارنىڭ، ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار-نىڭ ۋە ئاممىنىڭ ئۆزىنى ئۆزى ئىدارە قىلىش تەشكىلاتلىرىنىڭ ئۆز خىزمەت ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشىگە مەدەت بېرىدۇ ۋە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

پارتىيىنىڭ ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى سىياسىي جەھەتتىكى يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتلەرنى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى دەۋرىي قىلغان ھالدا قانات يايدۇرىدۇ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ شۇ كارخانىلاردا ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك ۋە نازارەتچىلىك قىلىدۇ؛ زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) نىڭ ئۆز خىزمەت ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشىگە مەدەت بېرىدۇ. زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدۇ؛ جان-دىلى بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىغا تايىنىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشىغا مەدەت بېرىدۇ؛ كارخانىنىڭ چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە تەدبىر كۆرۈشىگە قاتنىشىدۇ؛ پارتىيە تەشكىلىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى-نى كۈچەيتىدۇ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتكە ۋە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلارغا رەھبەرلىك قىلىدۇ.

پارتىيىنىڭ مەمۇرىي رەھبەر مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى سىياسىي جەھەتتىكى يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. پارتىيىنىڭ پارتكوم رەھبەرلى-كىدىكى مەمۇرىي رەھبەر مەسئۇل بولۇش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدۇ ۋە قارار چىقىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، مەمۇرىي رەھبەرنىڭ ئۆز خىزمەت ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرىدىكى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى مەمۇرىي مەسئۇل كىشىلەرنىڭ ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىشىغا، خىزمەتلەرنى ياخشىلىشىغا ھەمكارلىشىدۇ، مەمۇرىي مەسئۇل كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەربىر پارتىيە ئەزاسى ئۈستىدە نازارەتچىلىك قىلىدۇ، ئۆز ئورنىنىڭ كەسپىي خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلمايدۇ.

# 6-باب پارتىيە كادىرلىرى

**33-ماددا** پارتىيە كادىرلىرى پارتىيە ئىشلىرىنىڭ تايانچ كۈچى، خەلقنىڭ خىزمەتكارىدۇر. پارتىيە كادىرلارنى ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپىغا ئاساسەن تاللايدۇ، ياخشىلارنىلا ئىشقا قويۇشتا چىڭ تۇرىدۇ، ئۆز يېقىنلىرىنىلا ئىشقا قويۇشقا قارشى تۇرىدۇ، كادىرلار قوشۇنىنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، زىيالىيلاشتۇرۇش ۋە ئىختىساسلاشتۇرۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىدۇ.

پارتىيە كادىرلارنى تەربىيىلەشكە، يېتىشتۈرۈشكە، تاللاپ ئۆستۈرۈشكە ۋە سىناشقا، بولۇپمۇ مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ. كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى پائال ئىلگىرى سۈرىدۇ.

پارتىيە ئايال كادىرلارنى ۋە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

**34-ماددا** پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرى پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مۇشۇ نىزامنامىنىڭ 3-ماددىسىدا بەلگىلەنگەن مەجبۇرىيەتلىرىنى نەمۇنىلىك بىلەن ئادا قىلىشى ھەمدە تۆۋەندىكى ئاساسىي شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك:

1) ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشتا ئېھتىياجلىق بولغان ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى سەۋىيىسىگە ئىگە بولۇش، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ماركسىزم-لېنىنىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇل ئارقىلىق تەھلىل قىلىش ۋە ھەل قىلىشقا تىرىشىش.

2) پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى ۋە تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشكە ئىرادە باغلاش، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلاش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا جاپاغا چىداپ ئىگىلىك يارىتىش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىش، ھەقىقىي نەتىجە قازىنىش.

3) ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇش، ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆز رايونىنىڭ، ئۆز تارمىقىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرەلەيدىغان بولۇش، راست گەپ قىلىش، ئەمەلىي ئىش قىلىش، ھەقىقىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشقا تىرىشىش، شەكىلۋازلىققا قارشى تۇرۇش.

4) كۈچلۈك ئىنقىلابىي ئىشچانلىققا ۋە سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىققا، ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە بولۇش، رەھبەرلىك خىزمىتىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىدەك تەشكىللەش قابىلىيىتىگە، مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ۋە كەسپىي بىلىمگە ئىگە بولۇش.

5) خەلق بەرگەن ھوقۇقنى توغرا ئىشلىتىش، پاك-دىيانەتلىك بولۇش، خەلق ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەش، ئۆز ئەمەلىيىتىدە ئۈلگە كۆرسىتىش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئاددىي-ساددا ياشاش، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاش، پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ تەنقىد ۋە نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىش، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش، خىزمەت ھوقۇقىنى كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىدىغان، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان ناتوغرا ئىستىللارنىڭ ھەرقانداقىغا قارشى تۇرۇش.

6) پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى قوغداش، دېموكراتىك ئىستىل ۋە ئومۇمىيلىق كۆز قارىشىغا ئىگە بولۇش، يولداشلار بىلەن، جۈملىدىن ئۆزى بىلەن بىر پىكىردە بولمىغان يولداشلار بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، بىللە ئىشلەشكە ماھىر بولۇش.

**35-ماددا** پارتىيىلىك كادىرلار پارتىيىسىز كادىرلار بىلەن ھەمكارلىشىپ بىللە ئىشلەشكە ماھىر بولۇشى، ئۇلارغا ھۆرمەت قىلىشى، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشى لازىم.

پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ھەقىقىي ئىقتىدارلىق ۋە بىلىملىك پارتىيىسىز كادىرلارنى بايقاشقا ۋە ئۇلارنى رەھبەرلىك خىزمەتلىرىگە كۆرسىتىشكە ماھىر بولۇشى، ئۇلارنىڭ خىزمىتىمۇ، ھوقۇقىمۇ بولۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى لازىم.

**36-ماددا** پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ دېموكراتىك يول بىلەن سايلانغانلىرىنىڭمۇ ياكى رەھبىرىي ئورگانلار تەيىنلىگەنلىرىنىڭمۇ ۋەزىپىسى ئۆزگىچە باقمەندە ئەمەس، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆزگەرتىشكە ياكى ئۇلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا بولىدۇ.

يېشى ۋە سالامەتلىكى داۋاملىق خىزمەت ئىشلەشكە يار بەرمىگەن كادىرلار، دۆلەتنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە، پېنسىيىگە چىقىشى، خىزمەتتىن ئايرىلىپ دەم ئېلىشى كېرەك.

## 7-باب  پارتىيە ئىنتىزامى

**37-ماددا** پارتىيە ئىنتىزامى پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنىڭ رىئايە قىلىشى تېگىشلىك ھەرىكەت قائىدىسى، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە بىرلىكىنى قوغداش، پارتىيىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشنىڭ كاپالىتىدۇر. پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە ئىنتىزامىنى قاتتىق ئىجرا قىلىشى ۋە قوغدىشى، كومپارتىيە ئەزالىرى ئۆزىنى ئاڭلىق ھالدا پارتىيە ئىنتىزامى بىلەن تىزگىنلەپ تۇرۇشى شەرت.

**38-ماددا** پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلغان پارتىيە ئەزالىرىغا ئۆتمۈشتىكىدىن ساۋاق ئېلىپ، كېيىنكىگە ئىبرەت قىلىش، كېسەلنى داۋالاپ، ئادەمنى قۇتقۇزۇش روھى بويىچە، خاتالىقنىڭ خاراكتېرىگە ۋە قىلمىشنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە قاراپ، تەنقىد-تەربىيە بېرىشى ھەتتا ئىنتىزام جازاسى بېرىشى كېرەك.

جىنايى ئىشلار قانۇنىغا ئېغىر دەرىجىدە چېقىلغان پارتىيە ئەزالىرى پارتىيىدىن چىقىرىلىشى شەرت.

پارتىيە ئىچىدە پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيە نىزامنامىسى ۋە دۆلەت قانۇنلىرىغا خىلاپ ۋاستىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش، زەربە بېرىپ ئۆچ ئېلىش ۋە قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىش قاتتىق مەنئى قىلىنىدۇ. مۇشۇ بەلگىلىملەرگە خىلاپلىق قىلغان تەشكىلاتلار ياكى شەخسلەر پارتىيە ئىنتىزامى ۋە دۆلەت قانۇنى بويىچە سۈرۈشتۈرۈلۈشى كېرەك.

**39-ماددا** پارتىيىنىڭ ئىنتىزام جازاسى بەش خىل بولىدۇ: ئاگاھلاندۇرۇش، قاتتىق ئاگاھلاندۇ-

روۋش، پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش ۋە پارتىيىدىن چىقىرىش.

پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولغاندا ئىككى يىلدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك. پارتىيە ئەزاسىنىڭ پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش مەزگىلىدە ئاۋاز بېرىش هوقۇقى، سايلاش ۋە سايلىنىش هوقۇقى بولمايدۇ. پارتىيە ئەزاسى پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش داۋامىدا خاتالىقىنى هەقىقەتەن تۈزەتكەن بولسا، ئۇنىڭ پارتىيە ئەزالىق هوقۇقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى كېرەك؛ تۈزەتمەي خاتالىقىدا چىڭ تۇرۇۋالسا، پارتىيىدىن چىقىرىلىشى كېرەك.

پارتىيىدىن چىقىرىش--پارتىيە ئىچىدىكى ئەڭ يۇقىرى جازا. هەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى پارتىيە ئەزاسىنى پارتىيىدىن چىقىرىشنى قارار قىلىدىغان ياكى تەستىقلايدىغان چاغدا، ئالاقىدار ماتېرىيال ۋە پىكىرلەر ئۈستىدە تولۇق مۇهاكىمە يۈرگۈزۈشى، ئىنتايىن ئېهتىياتچان پوزىتسىيىدە بولۇشى كېرەك.

**40-ماددا** پارتىيە ئەزاسىغا بېرىلىدىغان ئىنتىزام جازاسى ياچېيكا يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسى ئارقىلىق قارار قىلىنىشى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى شەرت: ئەگەر چېتىلىدىغان مەسىلىلەر بىرقەدەر مۇهىم ياكى مۇرەككەپ بولسا ۋە ياكى پارتىيە ئەزاسىغا پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىشكە توغرا كەلسە، ئوخشاش بولمىغان ئەهۋالغا قاراپ، پارتىيىنىڭ ناهىيە دەرىجىلىك ياكى ناهىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا تەستىقلىتىش كېرەك. ئالاهىدە ئەهۋال ئاستىدا، پارتىيىنىڭ ناهىيە دەرىجىلىك ۋە ناهىيىدىن يۇقىرى هەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى هەم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى پارتىيە ئەزاسىغا ئىنتىزام جازاسى بېرىشنى بىۋاستە قارار قىلىشقا هوقۇقلۇق.

پارتىيىنىڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋە يەرلىك هەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ ئەزالىرىغا، كاندىدات ئەزالىرىغا پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، پارتىيىدە قالدۇرۇپ سىناش ياكى پارتىيىدىن چىقىرىش جازاسى بېرىشنى شۇ كىشى ئەزا بولغان كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنى ئۈچتىن ئىككى قىسمىدىن كۆپ ئاۋاز بىلەن قارار قىلىشى شەرت. ئالاهىدە ئەهۋالدا، ئاۋۋال مەركىزىي كومىتېتنىڭ سىياسىي بيۇروسى ۋە يەرلىك هەر دەرىجىلىك كومىتېتلارنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى بىر تەرەپ قىلىش قارارىنى چىقارسا، ئۇنى كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغاندا ئېتىراپ قىلسا بولىدۇ. يەرلىك هەر دەرىجىلىك كومىتېتلارنىڭ ئەزالىرى ۋە كاندىدات ئەزالىرىغا بېرىلىدىغان يۇقىرىقى جازالار ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى شەرت.

مەركىزىي كومىتېتنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىغا ئېغىر دەرىجىدە چېقىلغان ئەزالىرى ۋە كاندىدات ئەزالىرىنى پارتىيىدىن چىقىرىشنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ سىياسىي بيۇروسى قارار قىلىدۇ؛ يەرلىك هەر دەرىجىلىك كومىتېتلارنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىغا ئېغىر دەرىجىدە چېقىلغان ئەزالىرى ۋە كاندىدات ئەزالىرىنى پارتىيىدىن چىقىرىشنى شۇ دەرىجىلىك كومىتېتلارنىڭ دائىمىي كومىتېتى قارار قىلىدۇ.

**41-ماددا** پارتىيە تەشكىلاتى پارتىيە ئەزاسىغا جازا بېرىشنى قارار قىلىشتا، پاكىتلارنى هەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشى كېرەك. جازا قارارىدا ئاساس قىلىنغان پاكىت-ماتېرىياللارنى ۋە جازا قارارىنى جازالانغۇچىغا كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ ئەهۋال توغرىسىدىكى ئىزاهلىرىنى ۋە ئۆزىنى

ئاقلاش پىكرىنى ئاڭلىشى كېرەك. جازالىنغۇچى جازا قارارىغا قايىل بولمىسا، ئەرز قىلسا بولىدۇ، مۇناسىۋەتلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئەرزنى مەسئۇلىيەتلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشى ياكى باستۇرۇپ قويماي تېزدىن يۇقىرىغا يەتكۈزۈپ بېرىشى شەرت. خاتا پىكرىدە ۋە بولىسىز تەلىپىدە چىڭ تۇرىۋالغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان كىشىلەرگە تەنقىد ـ تەربىيە بېرىشى كېرەك.

**42 ـ ماددا** پارتىيە تەشكىلاتى پارتىيە ئىنتىزامىنى قوغداش جەھەتتە مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلسا، سۈرۈشتە قىلىنىشى شەرت.

پارتىيە ئىنتىزامىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلغان ھەم ئۆزى تۈزىتەلمەيدىغان پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى پارتىيە كومىتېتى نەكشۈرۈپ ئېنىقلىغاندىن كېيىن، ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىق دەرىجىسىگە قاراپ، شۇ تەشكىلاتنى ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش ياكى تارقىتىۋېتىش توغرىسىدا قارار چىقىرىشى ھەمدە ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى پارتىيە كومىتېتىغا تەكشۈرۈپ تەستىقلاتقاندىن كېيىن، رەسمىي ئېلان قىلىپ ئىجرا قىلىشى كېرەك.

## 8 ـ باب پارتىيىنىڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورگانلىرى

**43 ـ ماددا** پارتىيىنىڭ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئىشلەيدۇ. پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ قوش رەھبەرلىكىدە ئىشلەيدۇ.

پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭكى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

پارتىيىنىڭ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى دائىمىي كومىتېتنى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلارنى سايلايدۇ ھەمدە ئۇلارنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا تەستىقلىتىدۇ. پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىنى دائىمىي كومىتېتنى ۋە شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلارنى سايلايدۇ ھەمدە ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ، يۇقىرى دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىغا تەستىقلىتىدۇ. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام كومىتېتلىرىدا ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تەسىس قىلىش ياكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش ھەيئىتى قويۇشنى ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى پارتىيە تەشكىلاتى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلەيدۇ. پارتىيىنىڭ باش ياچېيكا كومىتېتى ۋە ياچېيكا كومىتېتىدا ئىنتىزام تەكشۈرۈش ھەيئىتى بولىدۇ.

پارتىيىنىڭ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى خىزمەت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، مەركەز دەرىجىلىك پارتىيە ۋە دۆلەت ئورگانلىرىغا پارتىيە ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ياكى ئىنتىزام تەكشۈرگۈچى ئەۋەتسە بولىدۇ. ئىنتىزام تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ياكى ئىنتىزام تەكشۈرگۈچى پارتىيىنىڭ شۇ ئورگاندىكى

رەھبىرىي تەشكىلاتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك يىغىنلىرىغا سىرتتىن قاتناشسا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى پارتىيىنىڭ شۇ ئورگاندىكى رەھبىرىي تەشكىلاتى قوللىشى لازىم.

**44-ماددا** پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: پارتىيە نىزامنامىسىنى ۋە پارتىيە ئىچىگە قارىتىلغان باشقا نىزاملارنى قوغداش، پارتىيە كومىتېتىنىڭ پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ياردەملىشىش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەت ۋە قارارلىرىنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش.

ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى پارتىيە ئەزالىرىغا دائىم ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىدۇ، پارتىيە ئىنتىزامىنى قوغداشقا دائىر بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىدۇ؛ پارتىيە تەشكىلاتى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە نىزامنامىسىگە ۋە پارتىيە ئىچىگە قارىتىلغان نىزاملارغا خىلاپلىق قىلغانلىقىغا دائىر بىرقەدەر مۇھىم ياكى مۇرەككەپ ئەنزىلەرنى تەكشۈرىدۇ ۋە بىر تەرەپ قىلىدۇ، شۇ ئەنزىلەردىكى پارتىيە ئەزالىرىغا بېرىلىدىغان جازانى قارار قىلىدۇ ياكى بېرىلگەن جازانى بىكار قىلىدۇ؛ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ شىكايىتىنى ۋە ئەرزىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ئالاھىدە مۇھىم ياكى مۇرەككەپ ئەنزىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئۇچرىغان مەسىلىلەرنى ۋە ئۇلارنى بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسىنى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىغا مەلۇم قىلىشى كېرەك. پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى بۇنداق مەلۇماتنى بىرلا ۋاقىتتا يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغىمۇ يوللىشى كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ ئەزالىرىدا پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ ھەرىكەتنىڭ بارلىقىنى سەزسە، ئاۋۋال دەسلەپكى ئېنىقلاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارسا، ئەگەر دېلو ئېچىپ تەكشۈرۈشكە توغرا كەلسە، ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىغا تەستىقلىتىشى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىغا چېتىلغانلىرىنى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك كومىتېتقا يوللىغان-دىن كېيىن ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا تەستىقلىتىشى كېرەك.

**45-ماددا** يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى تۆۋەن دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈش ھەمدە تۆۋەن دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەنزە توغرىسىدا چىقارغان قارارىنى تەستىقلاش ۋە ئۆزگەرتىش ھوقۇقىغا ئىگە. يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئۆزگەرتمەكچى بولغان شۇ تۆۋەن دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ قارارى ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەن بولسا، بۇنداق ئۆزگەرتىشنى ئۇنىڭدىن بىر دەرىجە يۇقىرى پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈش شەرت.

پارتىيىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلىش قارارىغا باشقىچە پىكرى بولسا، ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ قايتا

تەكشۈرۈشكە ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ؛ ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ ياكى ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپلىق قىلىش ئەھۋالىنى سەزگىنىدە، ئۇنى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتى ھەل قىلمىسا ياكى توغرا ھەل قىلمىسا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا ئەرز بېرىپ، بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە ياردەم سوراشقا ھوقۇقلۇق.

## 9-باب پارتگورۇپپىلار

**46-ماددا** مەركەز ۋە جايلاردىكى دۆلەت ئورگانلىرى، خەلق تەشكىلاتلىرى، ئىقتىسادىي تەشكىلاتلار، مەدەنىيەت تەشكىلاتلىرى ۋە باشقا پارتىيىسىز تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرىي ئورگانلىرىدا پارتگورۇپپا قۇرۇلسا بولىدۇ. پارتگورۇپپىنىڭ ۋەزىپىسى، ئاساسەن، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا، ئۆز تارماقلىرىنىڭ چوڭ-چوڭ مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە ۋە قارار قىلىشقا، پارتىيىسىز كادىرلار ۋە ئاما بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئادا قىلىشقا، ئىدارە ۋە ئۆزىگە بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولۇشتىن ئىبارەت.

**47-ماددا** پارتگورۇپپىنىڭ ئەزالىرىنى شۇ پارتگورۇپپىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەستىقلىغان پارتىيە كومىتېتى تەيىنلەيدۇ. پارتگورۇپپىغا شۇجى، مۇئاۋىن شۇجىلار قويۇلىدۇ.

پارتگورۇپپىلار ئۆزىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەستىقلىغان پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇشى شەرت.

**48-ماددا** دۆلەتنىڭ ئۆز تەۋەسىدىكى ئورۇنلارغا مەركەزلەشتۈرۈلگەن بىر تۇتاش رەھبەرلىكنى يولغا قويىدىغان خىزمەت تارماقلىرىدا پارتكوم قۇرۇلسا بولىدۇ، پارتكوملارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئۇسۇلى، ئۇنىڭ خىزمەت ھوقۇقى ۋە خىزمەت ۋەزىپىسىنى مەركىزىي كومىتېت ئايرىم بەلگىلەيدۇ.

## 10-باب پارتىيىنىڭ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

**49-ماددا** جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى—جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىلغار ياشلارنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى، كەڭ ياشلارنىڭ كوممۇنىزمنى ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆگىنىش مەكتىپى، پارتىيىنىڭ ياردەمچىسى ۋە زاپاس ئارمىيىسى. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ئۆزى بىلەن تەڭ دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنىڭ، شۇنداقلا يۇقىرى دەرىجىلىك كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولىدۇ.

**50-ماددا** پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئىتتىپاق كادىرلىرىنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىشى

كېرەك. پارتىيە كوممۇنىستىك باشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئۆز خىزمىتىنى كەڭ ياشلارنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئېھتىياجىغا ئاساسەن، جانلىق، روھلۇق ۋە تازا ئىجادىي ئىشلەپ، ئىتتىپاقىنىڭ زەربىدار ئەترەتلىك رولىنى ۋە كەڭ ياشلار بىلەن ئالاقە باغلاشتىكى كۆۋرۈكلۈك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىنى قەتئىي قوللىشى كېرەك.

ئىتتىپاقىنىڭ ناھىيە ۋە ناھىيىدىن تۆۋەن ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ شۇجىلىرى، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلاردىكى ئىتتىپاق كومىتېتلىرىنىڭ شۇجىلىرى پارتىيە ئەزاسى بولسا، پارتىيىنىڭ شۇ دەرىجىلىك كومىتېتىنىڭ ۋە دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنلىرىغا سىرتتىن قاتناشسا بولىدۇ.

**(جۇڭگو مىللەتلەر تەرجىمە مەركىزىنىڭ تەرجىمىسى)**

ISSN 1006-5857

9 771006 585006 1 1

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5－V 刊号:ISSN1006－5857/CN11－2498/D
邮发代号:2－373 定价:1.80元 邮政编码 100013